

AltunOq

# تارىم غۇنچىلىرى

6

1985



باغچا
بالىلىرى
ناخشا ئۆ-
گەتمەكتە.



ۋاقىت —
ئالتۇن

ژورنال مۇھەررىرلىرى: ئا. ئەبەي (مەسئۇل مۇھەررىر) ھوشۇر
ئەخمەت، مەسئۇت خالىت.
رەساملار: ئەكبەر، ئابلىمىت، ھەلىمە، ليەن مىن.

1985 - يىل 6 - سان

(ئومۇمىي 21 - سان)

— ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال —

## — △ دانىشمەن ئەسىردىكى گەپەندى △ —


قاپاق ئارىسىدىكى مەنۇنى نەدە قارارلىقلار ........................ 3


## — △ ئەدەبىيات گۈلزارى △ —


بالىلار ئۈچۈن ئىز تېپىشلىرى ........................ ب. يەخىرىدىن 12
بارايسەن قىزىم (ھېكايە) ........................ ئىلنار تۆمۈر 15
دەپتەر (نەسىر) ........................ رەھىمجان مەمەت 18
ئۆزىڭىز نېمە كېمە؟ (ھېكايە) ........................ ھوشۇر ئەخمەت 21


## — △ رەسىملىرىمىزدا △ —


بىر ئائىلە ........................ ئا. يۇنۇس 30
ئىككى ھەمراھ بىلەن ........................ ئەخمەت رەشىد 32


## — △ كىچىككىنە دۇنيا △ —


مۇن ۋە كۆكلەنگەن ئادەم دۇنياسىنى دالايىقلىق ........................ 35
گېپىڭىز يوق بولسا ........................ 40


## — △ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز △ —


دورى ھېكمەت ........................ مۇنىيە جەگرى 43


## — △ ئەلا باھالانغان تاپشۇرۇقلار △ —


مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ........................ ئالىيە ئابدۇراخمان 46
باھار ........................ ئەخمەم سۇلتان 47
ئەجدادلار ئىزىدىن ........................ مەھەممەتجان جامى 48
دايۇرۇق ........................ ئالىمكىز ئەمەتجان 50
ماختانچاق كېكىرنىڭ ئاقىۋىتى ........................ ساخىجە ئابدۇراخمان 53
كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئويغىتىش ........................ 54


## — △ ئالاھىدە جاپالىق ھەققەتتىن كېلىدۇ △ —


ئۇن ئىككى ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ........................ 55
تۇرمە ئىلھامى ........................ 55
ۋەسىلەتلىك ئۇرۇش ئارىسىدا ........................ 56

## — △ ئەخلاق ئادەم زىننىتى △ —


57 ...... كوچىدا
60 ...... ھەقىقەتلىك ئەقلىيە سۆزلىرى


## — △ چەتئەل بالىلار ئەدەبىياتى △ —


61 دىقان سىتېپىر ...... سەرەڭگە ساتقۇچى بالا
65 سىلما لاگېرلوف ...... بىشارەت بېرىش


## — △ بۈگۈنكى دۇنيا △ —


70 ...... تەربىيە كۆرگەن ئادەم
72 ...... مۆجىزىلىك كارامەتلىرى


## — △ سالامەت بولۇش △ —


76 ...... بۇرنىڭىز قاناپ توختىمىغاندا
77 ...... بوينىڭىز ئاغرىپ قالسا
77 ...... دوقارا يېمىش قانداق ئىش؟
78 ...... بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ناچار ئادەتلەر
79 ...... پۇت - قول نېمىشقا ئۇيۇشىدۇ؟
79 ...... تاماق يېيىشنىڭ قائىدىسى


## — △ تېپىشماقلار △ —


81 ...... زېمىننى ھېساب كۆرۈك
82 ...... 6 - سانىدىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابلىرى


## — △ كىچىك تەرجىمان △ —


83 ...... تۈلكە بىلەن ياۋا غاز
86 ...... ئەينەك ۋە پەنەر


## — △ قول ئىشى △ —


88 ...... ئويۇنچۇق ئايروپىلان
89 ...... كىچىك ئاپتوموبىل


## — △ ئۆگىنىشىڭىزگە مەسلىھەت △ —


90 ...... بۇ كۈن مەنۇتتا نېمە ئىشلەش كېرەك؟
91 ...... ھېجىسى يوقمۇ؟
92 ...... ئايپۇرۇق دېگەن ئارقىتىلغاندىن كېيىن
93 ...... ئىسسىقلىق ۋە كېڭىيىش


## — △ مۇسابىقە مەيدانى △ —


94 ...... 6 - سانىدىكى مۇسابىقە سوئاللىرى
94 ...... 5 - سانىدىكى مۇسابىقە سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى


## — △ ناخشا ۋە مۇزىكا △ —


96 ...... بىز ۋەتەننىڭ گۈل - غۇنچىلىرى


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: چوجىدىن ئاداب قاپى، مەن ساقچى ئاكام.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئەزىزىگا بولامەن




### ھۆرمەتلىك نەسىرىدىن ئەپەندى

كىشىلەردە، «ئادەمنىڭ سول قاپىقى تارتسا يارىشىدۇ، ئوڭ قاپىقى تارتسا خاپىلىق كېلىدۇ» دېيىدىغان كۆزقاراش بار.

مېنىڭ قاپىقىم ھەمىشە تارتىدۇ. گاھىدا سول قاپىقىم، گاھىدا ئوڭ قاپىقىم تارتىدۇ. گاھىدا ئىككى قاپىقىم بىرلا ۋاقىتتا تارتىدۇ، قاپىقىمنىڭ تارتىشى بەزىدە ئاجىز، بەزىدە كۈچلۈك. ھازىرغا قەدەر مەن ئەندىشە ئىچىدە بىرەر نەرسەم چۈشۈپ قالامدىكىن دەپ قورقۇپلا يۈرەتتىم، لېكىن ھېچنەرسە چۈشۈپ قالمىدى. «سول قاپاق تارتسا يارىشىدۇ، ئوڭ قاپاق تارتسا خاپىلىق كېلىدۇ» دېيىدىغان مۇشۇنداق كۆزقاراش توغرىمۇ؟ ئەمىسە، قاپاقنىڭ تارتىشى نېمە ئۈچۈن؟ ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز.

كۆچاردىن: ئادالەت

### ساۋاقداش ئادالەت

بەزى كىچىك دوستلىرىمىز خۇددى سىزدەكلا قاپىقى تارتسىلا «سول قاپاق تارتسا يارىشىدۇ، ئوڭ قاپاق تارتسا خاپىلىق كېلىدۇ» دېيىدىغان سۆزلەرگە ئىشىنىپ قېلىپ، روھىي كەيپىياتىدا دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ ئەتىرەيدۇ. ئەمەلىيەتتە



AltunOq

بولسا ئۇ خىلدىكى كۆز قاراشنىڭ قىلچىلىكمۇ ئىلمى ئاساسى يوق. ئۇنداقتا ئادەمنىڭ قاپىقى يەنە نېمە ئۈچۈن تارتىدۇ؟

شۇنى بىلىۋېلىشىمىز لازىمكى، ئادەمنىڭ قاپىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ، كۆز ئايلانما مۇسكۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، كۆزنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇ قىسقارغان ۋاقىتتا كۆز يۇمۇلىدۇ. ئادەتتە بەلگىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆز ئايلانما مۇسكۇلى غىدىقلىنىپ، تەكرار قىسقىراشنى ئۇچايلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا قاپاق تارتىدىغان ھادىسىلەرنى پەيدا[1] قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيقۇسىزلىق، كىتابنى كۆپ كۆرۈش، بەزىبىر كۆز كېسەللىكلىرى، شۇنىڭدەك كۈچلۈك نۇرنىڭ تەسىرى قاتارلىقلار كۆزنى غىدىقلاپ قاپاق تارتىشنى قوزغايدۇ.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاندا-ساندا قاپاق تارتىش بولسا ھېچقانچە چوڭ چاتاق ئەمەس، ئىدىيىدە جىددىيلەشمەسلىك لازىم. ئاشۇنداق ئاتالمىش «سول قاپاق تارتسا يارىشىدۇ، ئوڭ قاپاق تارتسا خاپىلىق كېلىدۇ» دېيىدىغان كۆزقاراش تامامەن ئادەمنى ئالدايدىغان ئۇيدۇرۇقسىز سۆزلەردىن ئىبارەت، خالاس.

ئادەتتىكى قاپاق تارتىش يۈز بەرگەندە پەقەت مۇۋاپىق ئارام ئېلىشقا دىققەت قىلسىلا، ناھايىتى تېز ياخشى بولۇپ قالىدۇ.

### ھۆرمەتلىك نەسىرىدىن ئەپەندى

مەن سىزدىن مۇنداق ئىككى سوئالنى سورىماقچىمەن:

1. بەزىلەر ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلغاندا ئالدىنئالا سېستىمىلىق تەييارلىق قىلىش، ئىمتىھان يېقىنلاشقاندا دەم

ئېلىپ مېڭىنى ھەگەتتىش كېرەك دېسە، بەزىلەر ئىمتىھان يېقىنلاشقاندا تەييارلىق قىلىش كېرەك، ئەكسىچە بولغاندا ئۆگەنگەن دەرسلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، دەيدۇ. بۇ ئىككى كۆز-قاراشنىڭ قايسىسى توغرا؟

2. مەكتىپىمىزدە ھەر يىلى دالا يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇزۇن يۈگۈرگەندە دەسلەپ كۈچ-چەي يۈگۈرۈپ، ئاخىرقى توقسىنا ئاز قالغاندا تېز يۈگۈر-گەن ياخشى دېسە، بەزىلەر دەسلەپ بىراقلا باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىپ ئاندىن نورمال يۈگۈرگەن ياخشى دەيدۇ. بۇ ئىككى ئۇسۇلنىڭ قايسى توغرا؟

تېكىس ئاھمىلەك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا

1 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتىن: ئەكبەر ئەبەيدۇللا

**ساۋاقداش ئەكبەر**

ئىمتىھان — ئوقۇتقۇچىدىن ئالغان بىلىملەرنى ئوقۇت-قۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىدە شۇ بىلىملەرنىڭ زادى قان-چىلىك ئۆزلەشكەنلىكىنى سىنايدىغان مەشغۇلات.

ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆگەنگەنلەرنى پىششىق ئۆزلەش-تۈرۈپ ھەر خىل قوشۇمچە ماتېرىياللار بىلەن ئۆز بىلىمىنى كېڭەيتىپ بارغاندا، ئۆگەنگەن بىلىملەر ياخشى ئۆزلىشىدۇ-دە، ھەرقانداق ئىمتىھاندا ئىمتىھان بەرگۈچى ئۈچۈن قورقۇنۇچ-لۇق بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆگەنگەنلەرنى تەكرار-لاپ ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭماستىن، ئىمتىھان يېقىنلاشقاندا ئالدىراپ-تېنەپ تەييارلىق قىلغاندا، بىلىملەر مېڭىدە سىس-تېمىلاشمايدۇ. تەكرار قىلغۇچىمۇ ھەممە دەرسنى بىراقلا ھەزىم قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى بەش يارماق ئېغىزغا بىراقلا

پاتمىغانغا ئوخشاش ئىش، شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە كۆپەرەك تەييارلىق قىلىش كېرەك. خەلق ئارىسىدا «دىخان بولساڭ ئۆزەڭگەر قىل، ئالىم بولساڭ تەكرار قىل» دېگەن سۆز بار. ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرمۇ: «مەشىقنى ياخشى قىلغان ئەسكەر ئۇرۇشتا يېڭىلمەيدۇ» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىمتىھان يېقىنلاشقاندا تەييارلىق قىلسا ئەستە ياخشى قالىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. ئادەملەرنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ئالاھىدە ياخشى دېيىلگەنلەرمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئەستە تۇتۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئادەتتە تەييارلىقنى ياخشى قىلىش، ئىمتىھان يېقىنلاشقاندا ئەستىن چىققانلارنى تەكرارلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى سوئالىڭىزغا بېرىدىغان جاۋابىم مۇنداق:

ئۇزۇنغا يۈگۈرگەندە غەلىبە قازىنىشنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ھەرگىزمۇ دەسلەپتە ئاستا ياكى تېز يۈگۈرۈش ئەمەس. بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە يۈگۈرگۈچىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى - بولماسلىقىدا، شۇنىڭدەك يۈگۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن ياكى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىدە. يۈگۈرگۈچىنىڭ تېنى ساغلام، كۈچلۈك بولۇپ، يۈگۈرۈش تېخنىكىسىنى ياخشى ئىگىلىگەن بولسا، يۈگۈرۈشنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپلا بىر خىل سۈرئەتنى ساقلاپ يۈگۈرەلەيدۇ. شۇڭا، يۈگۈرۈشتە غەلىبە قىلىمەن دېگەن كىشى ئادەتتە مەشىقنى كۈچەيتىشى، ئۆز بەدىنىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىغا يۈگۈرۈشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**ھۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى**

چۆگۈننى ئوتقا قويساق قايناشتىن ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن «گىژ-گىژ» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ؟

كۇچار ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق 4-سىنىپتىن: **مۇنىرە ئابدۇللا**

**ساۋاقدىشى مۇنىرە**

سۇ ئوتقا قويۇلغاندا ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، يەنى سۇيۇق ھالەتتىن پار ھالىتىگە ئۆزگىرىشنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

سۇ قايناشتىن بۇرۇن سۇدا ئېرىگەن ئوكسىگېن قاتارلىق گازلار سۇ يۈزىگە چىقىشقا باشلايدۇ. چەينەك ياكى قازاننىڭ ئېغىزىنى كۆتۈرۈپ قارىساق، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ھاۋا كۆپۈكچىلىرى سۇ ئىسسىغانسېرى كۆپ چىقىپ دەسلەپتە «گىژ-گىژ»، كېيىن غۇڭۇلدىغان ئاۋازنى پەيدا قىلىدۇ. ھاۋا كۆپۈكچىلىرى چىقىپ بولغاندىن كېيىن سۇ پارغا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. سۇ سۇيۇق ھالەتتىن گاز ھالىتىگە ئۆزگەرگەندە بارغانسېرى كۆپىيىدۇ-دە، چەينەك ۋە قازاننىڭ ئېغىزىدا مەلۇم بېسىمنى بېرىدۇ. بۇ بېسىم سىرتقى ھاۋا بېسىمىغا تەڭ بولغاندا سۇ قاينايدۇ. قايناشتىن بۇرۇنقى ئاۋازنى سۇدا ئېرىگەن گازلارنىڭ سۇ يۈزىگە چىقىشى، سۇ مالېكۇلىلىرىنىڭ پارلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## ھۆرمەتلىك تەھرىردىن ئەپەندى

مەن سىزدىن مۇنداق ئۈچ سوئالنى سورىماقچىمەن:

1. نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ پېشانىسىنى قورۇق باسىدۇ؟ ھەتتا بەزى ياشلارنىڭ پېشانىسىغىمۇ قورۇق چۈشىدۇ. بۇ قېرىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ؟

2. نېمە ئۈچۈن قوشۇق قانىرلىق مېتال بۇيۇملارغا قارىسا كىشىنىڭ تەسۋىرى دۈم كۆرۈنىدۇ؟

3. يېقىندا مەن گېزىتتىن مۇنداق خەۋەرنى ئوقۇدۇم: موسكۋا ھاۋا بوشلۇقىدا چاقناپ تۇرغان نۇرغۇن جىسىم پەيدا بولغان، بۇ جىسىملاردىن تارقالغان رەڭگا - رەڭ نۇر سىزىقلىرى قۇياشنى چۆرىدەپ دۈگىلەك ھەسەن - ھۈسەننى پەيدا قىلغان. نېمە ئۈچۈن مۇنداق ھادىسە بىزنىڭ بۇ يەرلەردە يۈز بەرمەيدۇ؟

غۇلجا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 - يىللىق 1 - سىنىپتىن: بەختىيار **تۇرسۇن**

**ساۋاقداش بەختىيار**

قورۇق بېسىش ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ يېشى چوڭايغاندا پەيدا بولىدىغان تەبىئىي ھادىسە. مەيلى قانداق كىشى بولسۇن ئوتتۇرا ياشقا يەتكەندە، پېشانىسىنى قورۇق باسىدۇ. بۇ، نورمال ئىش، تەبىئەتنىڭ قانۇنى. بىراق ياشلارنىڭ پېشانىسىگە قورۇق چۈشۈش نورمال ھادىسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ يېشى تېخى 40 تىن ئاشماي تۇرۇپ ئۇنداق ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن:



AltunOq

1) قايغىنى تۇرۇپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قېلىش. بۇنداق ئەھۋال ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىۋەرگەندىن كېيىن پېشانىسىدە بارا - بارا قورۇق ئىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ - دە، يېشى كىچىك بولسىمۇ پېشانىسىنى قورۇق باسىدۇ.

2) ئىشتا قاتتىق بېرىلىپ كېتىپ، مۇۋاپىق دەم ئالالماسلىق. بۇنداق ئادەت ئادەمنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن قېرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىشلەشتە بەدەندىن نۇرغۇن ئېنېرگىيە چىقىدۇ. يېگەن ئوزۇقلار ئۆزىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتەلمەي بەدەندىكى ئېنېرگىيىنى كۆپلەپ سەرپ بولۇپ كېتىپ، ھەرقايسى ئەزالارنىڭ نورمال پائالىيەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئايرىم ئورۇنلاردا ئاۋال قېرىلىق بەلگىلىرى كۆرۈلۈش، ھەتتا ئىشتىن چىقىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

3) ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل ئازاۋىنى تارتىش ۋە ئورۇقلاپ كېتىش. ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل ئازاۋىنى تارتىپ ئورۇقلاپ كەتكەندە تېرىنى تارتىپ تۇرىدىغان ماي، گۆشلەرنىڭ كېمىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، خۇددى كىچىك بالا چوڭ ئادەمنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغاندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. يەنى، تېرە كېڭىيىپ كېتىپ، ئادەم يۈزىدە قورۇق پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بەزى ياشلاردىمۇ بولىدۇ. ياشلاردا بولىدىغان بۇنداق ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياكى ئۇنى يوقىتىشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قايغىنى تۇرۇۋالىدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتىش، ئىشلەش بىلەن مۇۋاپىق دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىپ، بەدەندىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تولۇقلاپ تۇرۇش، كېسەل بولغاندا ۋاقتىدا داۋالىنىش، ھەددىدىن ئارتۇق دەرىجىدە ئورۇقلاپ كېتىش قا-

تارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئەمدى ئىككىنچى سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي:

ئادەم كۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر قاراۋاتقان جىسىملارنىڭ يالتىراقلىق دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قوشۇق قانارلىق يالتىراق مېتال جىسىملار ئۆزىگە چۈشۈۋاتقان نۇرنى مەلۇم دەرىجىدە قايتۇرىدۇ. ئەگەر بىر يالتىراق مېتال بۇيۇمغا قارىساق، ئۈچ دانە قايتقان تەسۋىرنى كۆرىمىز. بىرى، كۆزنىڭ مۈڭگۈز پەردىسىدىن قايتقان مەۋھۇم (تەتۈر) تەسۋىر، يەنە بىرى، كۆز گۆھىرىنىڭ بىرىنچى يۈزىدىن قايتقان تەتۈر تەسۋىر. ئۈچىنچى بىرى، كۆز گۆھىرىنىڭ ئىككىنچى يۈزىدىن قايتقان تەتۈر ھەقىقىي تەسۋىردىن ئىبارەت. ئەگەر كۆزىمىزنىڭ فوكۇسىنى ئۆزگەرتسەك، بۇقۇرىدىكى ئۈچ خىل تەسۋىر ئىچىدە كۆز گۆھىرىنىڭ بىرىنچى يۈزىدىن قايتقان تەسۋىر چوڭ-كىچىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. نەتىجىدە بۇ مەۋھۇم (تەتۈر) تەسۋىر كۆزنىڭ ئېنىق كۆرۈش نۇرىغا جايلىشىدۇ-دە، بىز ئۇ تەتۈر تەسۋىرنى ئېنىق كۆرىمىز.

ئۈچىنچى سوئالىڭىزغا بېرىدىغان جاۋابىم مۇنداق:

ئاسمان جىسىملىرى ئۆز ئوربىتىسىنى بويلاپ يەر شارىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر ئاتموسفېرانىڭ بۇقۇرى قاتلىمىدا نۇرغۇنلىغان سۈنئىي ھەمراھلارمۇ ئوخشاش بولمىغان ئوربىتىلاردا يەر شارىنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆتكەن ۋاقتىدىكى ئورنى ۋە يەر شارىغا يىراق-يېقىنلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھاۋارايىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قۇياش نۇرى ئاشۇ ئاسمان جىسىملىرى ۋە

سۇنئىي ھەمراھلارغا چۈشكەندە، نۇرنىڭ قايتىش ھادىسىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھاۋا رايى ۋە ھاۋادىكى نەملىكنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىمۇ نۇرنىڭ قايتىشىدىكى ئوخشىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن قۇياش نۇرى قىزىل، قوڭۇر، سېرىق، يېشىل، كۆك، ئاچ كۆك ۋە بىنەپشەدىن ئىبارەت 7 خىل ئاساسىي نۇرغا بۆلۈنىدۇ. بۇ نۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئاتموسفېرادىكى سۇ پارلىرى تەرىپىدىن يۇتۇلىدۇ، قالغانلىرى بولسا ھەسەن-ھۈسەننى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھادىسە ياز كۈنلىرى سوبۇن كۆپۈكلىرىگە چۈشكەن قۇياش نۇرىنىڭ بىرقانچە خىل رەڭگە ئايرىلغانلىقى بىلەن ئوخشاش.

مۇسكۋا ئاھالىسى بايقىغان غالىتە دەل بەزىبىر ئاسمان جىسىملىرى ياكى سۇنئىي ھەمراھلارنىڭ مۇسكۋا شەھىرى ئۈستىگە يېقىن كېلىپ قالغانلىقى ياكى شۇ پەيتتە مۇسكۋا ئاسمىنىدىكى سۇ تامچىلىرىنىڭ باشقا ئورۇنلاردىكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولغانلىقى سەۋەپلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ئەنە شۇنداق ئەھۋال دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا كۆرۈلسىمۇ، مۇسكۋا شەھىرى ئاسمىنىدىكىدەك ئەھۋالنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئاسمان جىسىملىرى ۋە سۇنئىي ھەمراھمۇ قۇياشقا ئوخشاش نۇر چىقىرىدۇ. ئۇلار يەر شارىغا قانچە يېقىن بولسا بۇ نۇرلار شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بۇ نۇرلارنىڭ چاستوتىلىرى قۇياش نۇرى چاستوتىلىرى بىلەن بىردەك بولسا سىز ئېيتقان ھادىسە تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ.

## پارچىلار ۋە سۆز ئويۇنلىرى

تۇرسۇن مەھەممەت يەخىيەدىن

سەن ئۈزەڭنى ئالىمىنىڭ
قاينىمىغا دادىل ئات،
دەۋرىمىزگە ياراشماس
بىلىمى يوق دېگەن ئات،

—

ئىلىم ـ بىلىم يېغىدىن
شېرىن شەرۋەت ئىزدە ئۆزۈڭ،
بوران ـ چاپقۇن، دولقۇندا
ئارتقا يانما، ئالغا ئۈز،

—

گۈللەپ، يېشىپ يېزىمىز
تۇرمۇشىمىز بولدى ساز،
قۇچىقىدا ھەردائىم
ياڭرار كۈلكە، ناخشا ـ ساز،

☆

— ئالما دېگىنە؟
— ئالما،
— ئەكتەيكە كېچىكىپ قالما!

☆ ☆ ☆

— سۆزلە دېگىنە؟

— سۆزلە.

— ئەلاچى بولۇشنى كۆزلە!

☆ ☆ ☆

— يارا دېگىنە؟

— يارا.

— دەرسىڭگە دائىم قارا!

☆ ☆ ☆

— قورۇق دېگىنە؟

— قورۇق.

— تىرىشچانلىق يۈزى يورۇق!

☆ ☆ ☆

— خامان دېگىنە؟

— خامان.

— ھورۇنلۇق ھەممىدىن يامان!

☆ ☆ ☆

— باغلام دېگىنە؟

— باغلام.

— بولغىن ھەمىشەم ساغلام!

☆ ☆ ☆

«بىر كىشىگە باھا بېرىشتە دەبدەبىلىك ۋەدىلىرىگە ئەمەس، ئىشنىڭ ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك» دېگەن جۈملىدە بىر سۆز بار، بۇ سۆز ئايرىم كەلسە ئىككىنچى شەخسنىڭ سىپايە تۈرىدە ئىشلىتىلىدىغان بۇيرۇق سۆز بىلەن ئوخشايدۇ. يۇقۇرىدىكى جۈملىنىڭ ئىچىدىن مانا شۇ سۆزنى تېپىپ بېقىڭلا؟



AltunOq




(ھىكايە)

ئەلىيار ئۆمەر

بۇ مەھەللىدە ئايىمخان ئىسىملىك بىر تۇل ئايال بار ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەتتە ئىدى. ئايىمخان ئانا ئۆزىنىڭ يەككە قورۇسىدا ئازادە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ ھويلىسىدا گۈللۈكى ۋە يەنە چوڭ-كىچىك تەشتەكلەردىمۇ خىلمۇ-خىل گۈللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۈنى شۇ گۈللەرگە سۇ قۇيۇش ۋە گۈللەرنى تەشتەكتىن-تەشتەككە كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتەتتى...

ئۇ بەزى كۈنلىرى خوشنىسى ئايشەم بىلەن بىردەم-بىردەم مۇڭدىشىپ چىقاتتى. بۇ ئىككى ئانىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئايشەمخان تاماق ئەتسىلا قىزى ئالىيەدىن بىر قاچا ئىسسىق تاماقنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ بېرەتتى. بىر كۈنى، ئالىيە بىر قاچا ھورى چىقىپ تۇرغان چۆچۈرىنى ئايىمخان ئانىنىڭ ئۆيىگە

ئەكىرگىنىدە، ئۇ بىر پارچە خەتنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— قىزىم، خوشمۇ ۋاقتىدا كىرىدىڭغا، — دەپ خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى ئايىمخان ئانا، — مۇنۇ خەتنى بىر ئوقۇۋەتكىنە قىزىم! سېنى قاچان كىرەر دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ تۇراتتى ...

خەتتە ئۈرۈمچىدىكى ئوغلى ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك، پۇل ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. خەتنى سۇدەك راۋان ئوقۇۋاتقان قىزنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان ئايىمخان ئانا ئىچىدە: «مەن ئەمدى بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق قارا قۇساق ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم. ئاپام كىچىك ۋاقتىمدا نېمە ئۈچۈن ئوقۇشقا بەرمىگەن بولغىيتتى؟ ئەگەر ساۋاتلىق بولغان بولسام، ئوغلۇمنىڭ خېتىنى ئۆزەم بىمالال ئوقۇيالىغان بولاتتىم ...» دېمەكتە ئىدى.

ئالىيە خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ئايىمخان ئانا، بىر قىسما بولۇۋاتامسىز؟ — دېدى سەبىي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— رەھمەت قىزىم، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن! ئالىم بولۇپ كېتەرسەن، يەنە ئوبدان ئوقۇ قىزىم. بىزنىڭ ئۆمرىمىز مۇشۇنداق تۆت تامدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەي ئۆتتى، — دېدى ئايىمخان ئانا.

ئالىيە ئۆيىگە كىرگىنىدە ئانىسى ئايشەمخان قاچا-قۇچا يۇيۇۋاتاتتى.

— قىزىم، ۋاق قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئايىمخان ئانىنىڭ ئوغلىدىن خەت كەپتىكەن، ئوقۇپ بېرىپ چىقتىم — دېدى ئالىيە جاۋاۋەن.

— ئوبدان ئىش قىلىپسەن، ئەقىللىق قىزىم، — دېدى ئانىسى قىزىغا مەسلىگى كېلىپ، — ئېشىڭ ئوچاق بېشىدا،

ئۆزەڭ ئېلىپ ئىچ.

ئالىيە تاماقتىن كېيىن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، يەنە بىرەر سائەتچە دەرس تەكرارلىغاندىن كېيىن يېتىپ قالدى. لېكىن ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمايۋاتاتتى: «ئايىمخان ئانىنىڭ ئارمىنى كۆپ ئىكەن ... — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭغا خەت ئۆگەتسەم قانداق بولار؟ ... قېرىپ قالغان ئايال ئۆگىنەلەرمۇ؟ ...» ئالىيەنىڭ تورۇسقا تىكىلگەن كۆزلىرى ئاشۇ خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا ئىلىندى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە: ئايىمخان ئانىغا خەت ئۆگىتەلىگۈدەك، ئۆگەتكەنلىرىدىن ئىمتىھان ئالغۇدەك ...

سائەت قوڭغۇرىقىنىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى ئۇنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا ئەتىگەن سائەت ئالتە بولغان ئىكەن...



شۇندىن ئېتىبارەن ئالىيە ھەر كۈنى كەچتە قولىغا كىچىك دوسكا ۋە ئېلىپبە ئالغان ھالدا ئايىمخان ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى، بۇ ئىشنى بىر ئۆزى، ئۇنىڭدىن قالسا ئايىمخان ئانىلا بىلەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئارىسىدىكى بۇ ئىش ئىككى-ئۈچ ئاي داۋام ئەتتى — ئايىمخان ئانىنى ئۈرۈمچىدىكى ئوغلى كېلىپ ئېلىپ كەتتى.

× × ×

ئەتىياز مەزگىلى ئىدى. قىزنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئاكا ئىشتىن يالدۇر قايتىپ كېلىپ، ئۈزۈم بارىڭىغا تال

ئارتۇۋاتاتتى، تۇساتتىنلا بىر مۇتوتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ پەسەيدى. ئابدۇللا ئاكا ئىشىك ئېچىپ قارىسا پوچتالىيون ئىكەن. ئۇ بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى. خەتتە ئايىمخان ئاتىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسى تۇراتتى. ئۇ لېپاپىنى ئىلدام ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«قەدىرلىك ئابدۇللا ۋە ئايشەمگە ھەمدە ساڭا خەت ئۆگىتىپ قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتقان ئالىيە تەمزىيەغا سالام...

...مەن ھازىر ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالدىم. زېرىكسەم كىتاب ئوقۇيمەن، كىتاب دېگەن بىر تېپىلماس گۆھەر ئىكەن، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئاتمىش يىللىق ئۆمرۈمنى كىتاب ئوقۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ قىسقىغىنا ئۈچ ئايلىق ھاياتىمغا تەڭ قىلالمايمەن. مەن قېلىن-قېلىن ئىككى-ئۈچ پارچە كىتابنى ئوقۇپ بولدۇم. ھازىر «ئىلى دولقۇنلىرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، غەرەمباغدىكى ئۇرۇش يېزىلغان يەرگە كەلدىم. كۆزلىرىمگە ياش تولۇۋاتىدۇ... چۈنكى ئوغلۇمنىڭ دادىسى رەھمەتلىك شۇ غەرەمباغدىكى جەڭدە قۇربان بولغان ئەمەسمىدى؟...

قىزىمنىڭدا مېنىڭ قاراڭغۇ دىلىمغا چىراق ياققان ئەقىللىق قىزىڭلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت!

سېغىنىپ سالام بىلەن: ئايىمخان»

ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ ئىشىدىن ئابدۇللا ئاكىنىڭ دىلى سۆيۈندى، ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي «يارايسەن قىزىم» دەپ ئۈن سېلىپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىدىغان قىزىنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ قارايتتى...



# دەپتەر

(نەسىر)

رەشىدەم سەيىت

قەدىرلىك دەپتىرىم، شۇ تاپتا مەن ساڭا باللىق مېھرىم بىلەن تىكىلىپ، مارجاندەك چىرايلىق خەتلەر بىلەن تولغان بەتلىرىڭگە چۆكۈپ كەتكەندەك بولۇۋاتىمەن. ھەممە دوستلىرىم سېنى ماڭا ئوخشاش ئەزىزلەپ ئاسرامدىغاندۇ؟ سېنىڭ مەرتلەر قەلبىگە ئوخشاش غۇبارسىز بەتلىرىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتىدۇ. بەلكىم سەن «قىزىم، قولۇڭغا قەلەم ئال، رەت-رەت قۇرلىرىمنى تەسىرلىك خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، قىزىقارلىق ناخشا-قوشاق، لەتىپە-چۆچەكلەر بىلەن تولدۇرغىن» دەۋاتقانسەن. ھەر قۇرۇڭغا يېزىلغان خەتلىرىمنىڭ شۇنچە چىرايلىق، رەتلىك چىققانلىقىدىن شادلىنىۋاتقانسەن...

توغرا، مەن مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چېغىمدا ساڭا تولىمۇ ئازاپ سالغان ئىدىم. سېنى پاكىز تۇتمايتتىم. قىڭغىر-سىڭغىر خەتلەر بىلەن ئۈستۈڭنى بويىۋەتسەمۇ قىلچە خاپا بولمايتتىڭ. بەزىدە تېخى بىر بېتىڭگە خەت يازسام، بىر بېتىڭنى ئاق قالدۇرۇپ كېتەتتىم. قالايمىقان يىرتىپ



Altun0q

جىجاپ ئوينايتتىم. تېپىشكىغا ھەر خىل قاملاشمىغان رەسىملەرنى سىزىپ، ئۇنى تۈگۈرۈپ ئۈچۈرۈپ شالاتاق قىلاتتىم. سەن يەنىلا مېنىڭ ئالدىمدا چىرايىڭدا ئۆزگىرىش، رەنجىش ئالامەتلىرىنى كۆرسەتمەي قاراپ تۇراتتىڭ. ھەممىدىن يامىنى شۇكى، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە سېنىڭ بەتلىرىڭ يۈز نومۇرنى زادىلا كۆرمەيتتى. چۈنكى مەن سىنىپتا ھەممىدىن بەك كەپسىز، سەممىيەتسىز ئوقۇغۇچى ئىدىم. مۇئەللىم دەرس چۈشەندۈرگەندە كۆڭۈل بۆلمەي بىر نەرسىلەرنى يەپ ئولتۇراتتىم ياكى بولمىسا قەغەز پارچىلىرىدىن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئوينايتتىم. يېنىمدىكى ساۋاقداش-لىرىمنى گەپكە تۇتۇپ، سىنىپ ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزاتتىم. دەرستىن ياخشى چۈشەنمىگەچكە تاپشۇرۇقنى خاتا ئىشلەيتتىم. بەزىدە ئۇدا ئەللىكتىن تۆۋەن نومۇر ئالىدىغان ئەھۋاللار تەكرارلىناتتى. بەتلىرىڭ مۇئەللىمنىڭ «خەتتىنى رەتلىك، چىرايلىق يېزىڭ» دېگەن تەلەپ پىكىرى بىلەن تولۇپ تۇرسىمۇ، يەنە بىپەرۋالىق بىلەن ئۆزۈم بىلگەنچە يېزىۋېرەتتىم.

ئۆتكەندە ئۆتكۈزۈلگەن ئاتا-ئانىلار يىغىنىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن. شۇ كۈنى مۇئەللىم دەپتەر-كىتابلارنى پاكىز تۇتۇش ھەققىدە سۆزلەپ، كۆپچىلىككە سېنى كۆرسەتتى. سەن ھەممە ئوقۇغۇچى ئاتا-ئانىلار ئالدىدا ئەيىبلىك دەپتەر-گە ئايلىنىپ قالدىڭ. مۇئەللىم سېنىڭ يىرتىق، قالايمىقان بەتلىرىڭنى ۋاراقلىغانچە دېيىشىڭ كىچىككىنە يۈرىكىمنى ئېزىنىڭ قاقاقلىرى قىستىغا باشلىدى ... كۆزۈم ياش پەردىلىرى بىلەن تورلاندى. ۋۇجۇدۇمنى باسقان نومۇس تىترەك مېنى پۇشايمان ئوتلىرىدا كۆيدۈرەتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزەمنىڭ ۋەتەن،

خەلق، مەكتەپ، ئاتا-ئانام ئۈمىدىنى ئەستىن چىقىرىپ، سېنىمۇ، ۋاقتىمنىمۇ ئىسراپ قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭدىن بۇيان ھوشۇمنى تاپتىم. سېنى ئاسرايدىغان، ئەڭ ئەتىۋار دوست تۇتىدىغان بولدۇم. مانا سەن بىلەن يىلمۇ-يىل بىللە مەرىپەت يېغىدا جەۋلان قىلىپ بارماقتىمەن. تىرىشلىك چىرايلىق، پاكىز، ھەر بېتىڭدە دىگۈدەك يۈز تومۇر بىلەن «ياخشى» دىگەن خەت چاقناپ تۇرىدىغان بولدى. سېنىڭمۇ چىرايىڭدە شاتلىق كۈلكىسى، مېنىڭمۇ چىرايىمدە شاتلىق كۈلكىسى...



## ئاشپەز بولىمەن

(يۇمۇر)

دادىسى: ئوغلۇم، سەن چوڭ بولغاندا قايسى ھۈنەرنى ئۆگىنىسەن؟

بالىسى: (دەرھاللا) ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىمەن.

دادىسى: ئەجەبا، ئوغۇل بالىمۇ ئاشپەز بولامدۇ؟

بالىسى: سىز دائىم ئاپام بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا ھەممىمىز ئاچ قالمىز ئەمەسمۇ؟




(ھېكايە)

ھوشۇر ئەخمەت

ئەكبەر ساۋاقدىشى شاۋكەتنىڭ ئۆيىدە بۇنچە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالارمەن، دەپ ئويلىمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئادەتتە ئويۇنغا بېرىلىپ، ئۆيىگە بۇنداق كەچ قالمايتتى، «دامكا» دېگەن ئويۇننىمۇ ئەسلا ياقتۇرمايتتى. ھازىر ئۇ بىر سائەتكە يەتمىگەن ئارىلىقتىلا دامكا ئويناشنى ئۆگەندى، ھەتتا ئۆزىگە دامكا ئۆگەتكەن ئۇستازى — تۇرقۇز ياشلىق ساۋاقدىشى شاۋكەتنى ئۇتتۇۋالىدىغان «دامكىچى» بولۇپ قالدى.

— بولدى قىلامدۇق؟ — دېدى ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئۇتتۇرۇپ قويغان شاۋكەت.

— يەنە بىر ئوينايلى.

بۇ چاغدا شاۋكەتنىڭ دادىسى رەھىمجان ئاكا كىرىپ كەلدى، ئەكبەر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— يەنە بىر ئوينايلى دېگەنتىڭغۇ؟ — دېدى شاۋكەت ئەكبەرنىڭ قولىغا ئېسىلىپ.

— كېتەي، — ئەكبەر ئۆيىدىن چىققىدىغان چاغدا ئاپىسىنىڭ: «شاۋكەت دېگەن يامان شۇمىنىڭ ئىشىگە دەسسىگۈچى بولما!» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى، دادىسىمۇ ئۇنىڭغا: «چوڭ يېرىدىن ئۆتمە، ماشىنا كۆپ» دېگەن ئىدى، ئەكبەر دادىسى «ئۆتمە» دېگەن چوڭ يولدىن ئۆتتى، ئاپىسى «كىرمە!» دېگەن ئۆيگە كىردى، ئەمدى چاققانراق كەتمىسە بولمايتتى، شۇڭا ئۇ كېتىشكە ئالدىرىدى، بىراق شاۋكەت ئۇنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى،

رەھىمجان ئاكا شىرە ئۈستىدىكى دامكا تۇرۇقلىرىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى-دە، دىۋاندا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈشكە چۈشتى.

— ماقۇل دېگىنە، يەنە بىر ئوينايلى، — دەيتتى شاۋكەت ئەكبەرنىڭ ئالدىنى توساپ.

— ئەكبەر، ئادىشىڭنىڭ رايىنى قايتۇرماي بىر دەم ئوينا — دېدى شاۋكەتنىڭ ئاپىسى ۋە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئەكبەر ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى.

گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغان رەھىمجان ئاكىنىڭ چوڭ كىشىلەردەك تېنىچ ئولتۇرۇپ دامكا ئويناۋاتقان بۇ ئىككى بالىغا مەسىلىگى كەلدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى،



شاۋكەت دادىسىنا تىلىنى چىقىرىپ ۋالاقلاپ كۈلۈۋالدى-دە، بىر تۇرۇقنى قارىسىلا خاتا يۆتكىدى،

ئەكبەر رەھى...

جان ئاكىنىڭ ئالدىدا شاۋكەتنى ئايىدى بولغاي، كۆز ئالدىدىكى زىيانسىز ئالمىدىغان ئۇرۇقنى يېمەي. باشتا بىر ئۇرۇقنى يۆتكىدى. بۇ ھال رەھىمجان ئاكىنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى، شاۋكەت دەرھاللا ھېلىقى ئۇرۇقنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇق قويۇۋالدى. ئەكبەر يەنە بىر يول مېڭىپ شاۋكەتكە بىر ئۇرۇق بەردى-دە، ئۇنىڭ ئۈچ تال ئۇرۇغىنى بىراقلا يېۋالدى...

ئەكبەر دامكا چىقىرىش ئۈچۈن يول ئىزلىگەندەك قىلاتتى، شاۋكەت يول بەرمەيتتى... ئەكبەر بارا-بارا ئۆز يولىدىن ئېزىشقا باشلىدى. ئۇ كەينى-كەينىدىن خاتا يۈرۈپ تۆت ئۇرۇقنى كەتكۈزۈۋەتتى... بۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە دامكا ئۇرۇقى ئەمەس، ئايسى كۆرۈنۈۋاتاتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئايسىنىڭ: «ھۇ، بەز قولاق! شاۋكەت دىگەن شۇم بىلەن يەنە ئوينايدىغان بولساڭ بوينىڭنى ئۇزۇۋېتىمەن... دىگەن سۆزلىرى قولاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر ئۇتتۇرۇپ قويدى.

ئولارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان رەھىمجان ئاكا يېڭىلىپ قالغان ئەكبەرگە مەدەت بېرىپ:

— ئەسلىدە بۇ قېتىم سەن ئۇتاتتىڭ، چوڭ بولىدا دامكىغا چىقىدىغان ئۇرۇقنى خاتا ماڭدىڭ ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر قېتىم ئويناڭلار، — دىدى.

ئەكبەر قايتىماقچى ئىدى، لېكىن دادىسى دەمەتلىك بىر كىشى ئۆز مېھمانخانىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ يەنە بىر نۆۋەت ئويناڭلار دەۋاتسا، ئۇ كىشىنىڭ گېپىنى قانداق يەرالسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماقۇل بولدى-دە، شاۋكەتنىڭ ئالدىدىكى دامكا ئۇرۇقلىرىنىڭ سىرتقىلىرىنى تاللاپ ئالدىغا



AltunOq

تىرىشقا باشلىدى.

ئەكبەر بۇ ئۆۋەت شاۋكەتنى ئاسانلا ئۇتۇۋالدى.

— باركاللا ئوغلۇم! — دېدى رەھمەجان ئاكا! ئۆز ئوغلىنى ھەش-پەش دېگۈچە يېڭىۋالغان ئەكبەرنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ. — ياخشى، ياخشى ... يارايسەن! — ئەكبەرمۇ خۇشاللىقىدىن تىزلىرىنى شاپىلاقلاپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەسىلىگى كەلگەن رەھمەجان ئاكا تەمپۇچكىدىن قىزىرىپ پىشقان بىر ئالمىنى ئېلىپ ئەكبەرگە بەردى.

— ھەشقاللا ... — دېدى ئەكبەر ئالمىنى قولىغا ئېلىپ.

رەھمەجان ئاكا كەنجى ئوغلى شاۋكەت ئۆيگە پات-پات باشلاپ كېلىدىغان توققۇز ياشلاردىكى بۇ بالىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، ئۇنى «مېڭىڭ دۆت» لېكىن مۇئەللىمى شاۋكەتكە قوشۇپ قويغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى، بىراق ئۇ بۇ بالىغا قايىل بولغان ھالدا ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭمۇ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ قويدى.

شاۋكەت ئەكبەرنىڭ قولىدىكى قىپ-قىزىل ئالمىغا لەپپىدە كۆز تاشلاپ قويدى-دە، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ:

— يەنە ئوينايلىمۇ؟ — دېدى.

— ھېساپ تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەيتتىم.

— سەنمۇ ئىشلىمىگەن ...

رەھمەجان ئاكا:

— ئەمدى دامكىنى يىغىشتۇرۇپ، ھېساپ تاپشۇرۇقنى

ئىشلەشتە ھەمسايىلىشىڭلار، قېنى كىم ھەم تېز ھەم توغرا ئىشلەيدۇ؟ — دېدى-دە، شاۋكەتكىمۇ بىر ئالمىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ بەردى.

ھەر ئىككى بالا ئالمىنى قويۇپ، سومكىسىنى ئالدىراپ ئېچىشقا باشلىدى.

— ئالمىنى يەپ بولۇپ. ئاغزى بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇش قىلىڭلار ...

※ ※ ※

ئەكبەر ئۆيىگە يېتىشقاندا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىپ كەتتى-دە، گويا كەچۈرگۈسىز چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تىترىگەن ئاۋازدا:

— دادا ... — دېدى.

— شۇ چاققىچە نەگە يوقالدىڭ؟! — غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى دادىسى.

قورقۇپ كېتىۋاتقان ئەكبەر دادىسىنىڭ غەزەپلىك ۋاقىرىشىدىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى-دە، خۇددى سانى كۆرگەن چۈجە كاتەككە قاچقاندەك، تىترىگەن پېتى ئۆيىگە يۈگۈردى.

ئەكبەر تار ھوپلىسىدىلا ئاپىسىغا تۇتۇلدى. ئاپىسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ تۇرۇپ سوراققا ئالدى:

— ماۋۇ بەز قۇلاق گەپ ئاڭلىمىدۇ-يوق؟! مەن تۈنۈگۈن ساڭا نېمە دېگەن؟ — ئەكبەر قۇلىقىنىڭ ئاغرىقىدا

چىدىماي قىقىراپ كەتتى، — گەپ قىلە! ... شۇ چاقىقىچە نەدە يۈردۈڭ؟

— ئادىشىمنىڭ ئۆيىدە...

— ھە؟! ئادىشىمنىڭ ئۆيىدە؟ يەنە شۇ رەھىمجاننىڭ لوكچەكى بىلەن ئوينىدىڭما؟

— ئوينىمىدىم...

— ماڭە! ئۆيگە كىر، سەن بىلەن ئوبدانراق بىر سۆزلىشەي، — ئەكبەرنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ ئورۇق كىچىككىنە قولىنىڭ بېغىشىدىن سۆرىگىنىچە ئۆيگە ئېلىپ كىردى-دە، كاسىسىغا بىر نەچچە شاپىلاق ئۇردى. بالا يالاڭ ئىشتان ئۈستىدىن تەككەن شاپىلاقتا چىدىيالماي ئاۋالقىدىنمۇ قاتتىق ۋاقىراپ يىغلىدى.

ئەكبەر يىغىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ تۇرغاندا سىرتتىن كىرگەن دادىسى:

— بۇ يىغلاڭغۇغا نېمە بولىدى؟ — دەپ سورىدى ئەكبەرنىڭ ئاپىسىدىن.

— نېمە بولاتتى؟ گەپ ئاڭلىمىغان قۇلاقنى سوزۇپ قويدۇم.

— ئوبدان قىپسەن، بالا دېگەننى مۇشۇنداق ئەدەپلەپ تۇرمىسا يامان يولغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ شۇم ھېلىتىنلا داپ دارىڭلىغان ئىشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرسە، كېيىنچە نېمە بولماقچى؟ مۇندىن كېيىن گەپ ئاڭلىمىسا تازا سال!

ئەكبەر ئەسلىدە: «ئاپام ئۇردى...» دەپ دادىسىغا داتلىماقچى ئىدى. لېكىن دادىسىنىڭ بۇ گېپى بىلەن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ جىم بولۇپ قالدى.

* * *

ئەكبەر ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كەلدى. ئۇ ئاخشام ئاپىسىدىن يېگەن شاپىلاقنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ مەكتەپ مەيدانىدا ئويناۋاتقان ئويۇنچى باللارغا دەرھاللا ئارىلىشالمىدى. باللارمۇ ئۇنى ھە دېگەندىلا ئۆز قاتارىغا قوشمايتتى. چۈنكى ئۇ ئېگىزدىن سەكرەش، تەڭگە تاتالق، لىڭگىر ئاقتاق دېگەندەك ئويۇنلارغا يېقىنمۇ كەلمەيتتى؛ ئىلاجىسىز ئۇياقتا تۇرسۇن، سىرىلمىدىن سىرىلىپ ئويناشتىنمۇ قورقاتتى؛ ئۇنىڭ بىردىن-بىر يۈرەكلىك قاتنىشىدىغان ئويۇنى مۆكۈ-مۆكۈلەك ئىدى. خالاس! ئۇنىڭ دوستى شاۋكەتچۇ؟ ئويۇن دېسە جان بېرىدۇ. ئۇ بىلمەيدىغان ئويۇنمۇ يوق!... ئەكبەر شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق، ئۇنىڭ يۈرەكلىك قىلىقلىرىغا ھەۋەس قىلىدۇ... ئەپسۇس، ئۇنىڭدىكى باتۇرلۇقنىڭ تونىدىن بىرى ئەكبەردە بولسىچۇ؟... ئەكبەرمۇ ئۇ چۈشكەن سارغايدىغا چۈشۈپ باقسا... ئۇنىڭغا ئوخشاش قاش-كۆزنى ئېتىپ ئۇسسۇل ئويناپ باقسا... ئۇنىڭ كۆزى لىڭگىر ئاقتاقنىڭ ئۈچىغا مىنىۋېلىپ، بىر كۆتىرىلىپ، بىر پەسكە چۈشۈپ ئويناۋاتقان شاۋكەتكە چۈشتى-دە، ئۇدۇللاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئويناپسەن؟ — دېدى شاۋكەت ئەكبەرگە قاراپ.

— ياق.

— كېلە، ئىككىمىز ئوينايلى.

شاۋكەت لىڭگىر ئاقتاقتا ھەۋەس بىلەن ئويناۋەردى. ئۇ ئاشۇنداق ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيدىغان بالىمۇ؟ ياق! ئۇ ئەكبەرلا ئەمەس، سىنىپ مۇدىرى ۋە پۈتۈن سىنىپ كوللېكتىۋى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئويۇنغىمۇ، دەرسكىمۇ ئۇستا،

بىلىگىگە ئىككى بالداق بەلگىسى تاقىغان ئەترەت باشلىقى! ئۇ ئەمدى ترىققىز ياشقا كىرىۋاتىدۇ، پۈتۈن سىنىپتىكى ئەللىك نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ يېرىمىنى، ھەتتا پۈتۈن سىنىپنى باشقۇرالايدۇ...

قوڭغۇراق چېلىندى. ئەكبەر دوستى شاۋكەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرگىنىچە، سىنىپقا كىرىپ ئۆز پارتىسىدىن ئورۇن ئالدى.

مۇئەللىم دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋال ئالدىنقى كۈنكى دەرستە ئۆتۈلگەن بىر شېئىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۇبلېتىنى يادلاپ بېرەلەيدىغانلارنىڭ قول كۆتىرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى قول كۆتەردى. مۇئەللىمنىڭ تەلىپىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىغان ئەكبەر ئۇ بىر كۇبلېت شېئىرنى دەرھاللا ئېسىگە ئالدى-دە، كۆڭلىدە ياتلىدى:

«ئۇچار قۇشلار قاناتىمىز،
ئۇچالمايدۇ ئاسماندا.
ئۆگەنمەسەك ئىلىم-پەن،
قالىمىز زور ئارماندا.»

بىراق ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جاۋاپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتتى بولغاي، شاۋكەت قولىنى كۆتەردى-دە، شېئىرنى توغرا ياتلاپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

دەرستىن چۈشكەن ئەكبەر يەنە دوستى شاۋكەت بىلەن بىللە قايتتى. شاۋكەت ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

يۈر، بىزنىڭكىدە بىردەم ئويناپ كەت، — دېدى.

— ياق،

— بولە، ئوينىمىساق تاپشۇرۇق ئىشلەيمىز.

— ياق، ئۆيگە بېرىپ...
— ئەمىسە مەن سېنىڭگە بارايمۇ؟
— ...
— ئەمىسە بىر دەمدىن كېيىن كېلەمسەن؟
— ...
ئەكبەردىن جاۋاپ ئالالمىغان شاۋكەت:
— كەلمىسەڭ ئۆيدە ئىمىز، — دېدى-دە، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

يالغۇز قالغان ئەكبەر خىيال بىلەن ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى: «ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ، دادىسىمۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە يول قويىدۇ... شاۋكەت كىنودا چىققان بالىلارنى دورىيالايدۇ، ھېكايە ئەرتىكى بولسەن» دەيدۇ تېخى... راست، ئۇ ئۇسۇل ئويناپ تېلېۋىزوردىمۇ چىققان... مەنچۇ؟ — ئەكبەر ئۆزىنى شاۋكەتكە سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھېچ بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى-يۇ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى تازا ئاڭقىرالمايتتى، — كىتاب، دەپتەر، قېرىنداش... ئۆچەرگۈچىمۇ بار... چاپىنىمۇ شاۋكەتنىڭكىگە ئوخشاش. بىراق مېنىڭ...» ئۇنىڭ خىيال يىپى تۇيۇقسىز ئۈزۈلدى. چۈنكى ئۇ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا ئاپىسى ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى...

※ ※ ※

كىچىك دوستلار، ئەكبەر ئەدەپلىك، يۇۋاش، ئەقىللىق بالا... ئۇ ئۆزىگە كەملىك قىلىۋاتقان بىر نەرسىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ، لېكىن نېمىلىكىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭغا نېمە كەم؟ ياردەم قىلىڭلار!

# يەر ئاستى «سەددىچىن سېپىلى»

ئابدۇقادىر يۈنۇس

زېمىنىمىزدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇش «يەر ئاستى سەددىچىن سېپىلى» بار، بىز بۇنى كارىز دەپ ئاتايمىز.

كارىز تىك قۇدۇق، يەر ئاستى ئېرىقى، يەر يۈزى ئېرىقى، يەر ئاستى سۇلىرى بىلەن يەر يۈزىدىكى ئېرىقلارنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى كۆلچەك قاتارلىق قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ. يەر يۈزىدىن ھەر 20 — 30 مېتىردا بىر تىك قۇدۇق قېزىلىپ، يەر ئاستى ئېرىقچىلىرىنى (كارىزلارنى) تۇتاشتۇرىدۇ. تىك قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى سۇ باشلاش ئورنىدىن سۇ چىقىرىش ئورنىغىچە بەلگىلىك يانتۇلۇق بويىلاپ پەيدىن – پەي قىسقىراپ بارىدۇ. تىك قۇدۇقنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى بەزى ئەھۋاللاردا 100 مېتىرغىچە يېتىدۇ. كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 3 كىلومېتىردىن 30 كىلومېتىرغىچە سوزۇلىدۇ.

كارىز كۆپلىگەن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، دىنامىكىلىق كۈچ ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. يىل بويى سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. سۇ مىقدارىمۇ تۇراقلىق بولىدۇ. كارىز سۈيى قىش كۈنلىرى ئىللىق، ياز كۈنلىرى سالقىن

ۋە ئەينەكتەك سۈپ-سۈزۈك. سۈنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى، مىنېراللىنىش دەرىجىسى تۆۋەن.

شىنجاڭدا كارىز خېلى كۆپ، بولار ئاساسەن قومۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، گۈچۈڭ، مورى، ئاراتۈرۈك، باركۆل ناھىيىلىرىگە تارقالغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا كارىز ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئۇزۇن. 1957-يىلدىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4000—5000 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن. بۇ، ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ ئۇزۇن. بۇ كارىزلارنى كولاش جەريانىدا قېزىپ چىققان تاش-تۇپىلار بىر مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. بۇلاردا ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى 2 مېتىردىن قىلىپ تام قوپۇرۇلسا 3000 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، كارىزنى ئۇيغۇر مىللىتى مەيدانغا كەلتۈرگەن يەر ئاستى «سەددىچىن سېپىلى» دەپ غورۇرلىنىمىز.

ئادەتتە يالغۇز كارىزدىن 400—850 كۇب مېتىر سۇ چىقىدۇ، بەزى كارىزلاردىن 7000 كۇب مېتىرغىچە سۇ چىقىدۇ. بۇ كارىزلارنىڭ يىللىق سۈيى 900 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىدىن 3 ھەسسە كۆپ.

---

٨ باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى مەسخىرە قىلىش، ئۆزىدە يەنە بىر خىل يېتەرسىزلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# ئىككى مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى كونۋېرت

ئەخمەت رەشىت

كىچىك دوستلار، سىلەر يىراقتىكى ئاكا-ھەدە، ئۇرۇق-تۇققان ۋە يېقىن دوستلىرىڭلارغا خەت ئەۋەتىشتە كونۋېرت ئىشلىتىسىلەر، لېكىن ئەڭ بۇرۇنقى كونۋېرت قانداق، قاچان ۋە كىملەر تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ بۇندىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭغا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئارقىلىق جاۋاب تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭ مۇزېيى جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى 1959-يىلى خوتەن ۋىلايىتى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىدىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر ئۆيدىن (ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نومۇرى MN03-01) قېزىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپتى. يادىكارلىقلار ئىچىدە كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان بىر دانە ياغاچ تاختىدىن ياسالغان كونۋېرت بار، ئۇ «پېچەتلەنگەنلىك» پېتى ساق ھالەتتە ساقلانغان. كونۋېرت ئىخچام، ئەپچىل، پۇختا ياسالغان بولۇپ،

ئىككى پارچە تاختاي ماتېرىيال قىلىنغان: بىرىنچى تاختاي (كونۇپۇرتىنىڭ ئاستىنقى قىسمى) ئۈزۈلۈراق بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 16.1 س م، قېلىنلىقى 0.4 س م، ئىككىنچى تاختاي



(ئۈستى قىسمى) ئۇزۇنلۇقى 11.5 س م، ئوتتۇرىسىنىڭ قېلىنلىقى 1.4 س م، تاختايلارنىڭ كەڭلىكى ئوخشاشلا 5.7 س م كېلىدۇ، ئۈستىدىكى تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى



3.1 × 3.5 س م جايى 0.8 س م ئويۇلغان.



تاختايلارنىڭ بىر بۆزىگە يازماقچى بولغان سالام خەت

يېزىلىپ، خەت يېزىلغان يۈزى بىر-بىرىگە چاپلاشتۇرۇلۇپ، تاختايلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئۈچ جايدىن كەندىر يىپ بىلەن باغلىنىپ، تۈگۈنچىلەرنى 0.8 سم ئويۇلغان جايغا كەلتۈرۈپ، تۈگۈنچىلەر ئۈستىگە يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي چاپلاپ ئۈستىگە تامغا بېسىلغان. بىرىنچى تاختاينىڭ ئارقىسىغىمۇ يىپلار ئۈستىدىن لاي چاپلاپ تامغا بېسىلغان. مۇشۇ ئۇسۇلدا 1-، 2-، 3-رەسىمدىكىدەك مۇكەممەل كونۋېرت ياسىلىپ چىققان. كونۋېرتنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇكەممەل، پۇختا ياسىلىشىدىن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلانماسلىقىدا چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. ئەگەر كونۋېرتتىكى يىپلار ئۈزۈلۈپ تامغا بۇزۇلغان بولسا، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلانغان بولۇپ، خەت تۇشۇغۇچى ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىلىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىن مىلادى 5-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. دېمەك، بۇ خىل ياغاچ كونۋېرت بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن «نىيە دۆلىتى»دە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان.

كونۋېرتنىڭ ئالدى يۈزىنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قۇر، ئاستىغا ئىككى قۇر، ئارقا يۈزىگە بىر قۇر خەت يېزىلغان. بۇ خەتلەر خەت ئالغۇچى بىلەن ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى بولۇشى مۇمكىن.

كونۋېرتتىكى خەتلەر قەدىمقى خوتەن يېزىقى بولغاچقا، مەزمۇنى ئۈستىدە يېزىق تەتقىقاتچىلىرىمىز ئىزلىنىۋاتىدۇ. ئالىم ئاغىلار يېقىن كەلگۈسىدە تامغا بېسىلغان بۇ «مەخپىي خەت»نىڭ سىرىنى ئېچىپ، بىز كىچىك دوستلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگۈسى.



# سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىشى

(بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا)

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە ئەرشنى قالايمىقان قىلىشقا كەتتى. ئۇنىڭ كۆز بوياش ئۇچۇقتىلا دېڭىزغا ئۆزىنى تاشلىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى. ئۇ دېڭىزدا يېرىم سائەت ئۈزۈپ ئوينىدى. دېڭىزنىڭ تېيىز جايلىرىدا بەرپا قىلىنغان خەيدەي ۋە دەرەخزارلىقلارنى كۆردى. ئاندىن دېڭىز ئاستىدىكى نېفىت بۇرغىلاش جازىسىغا يامىشىپ سۇ ئۈستىگە چىقتى ...

نېفىت ئىشچىسى دەرھال مىلتىقنى قولىغا ئالدى. ئەمما، ئۇ مىلتىقنى ئېلىپ بولغىچە سۇن ۋۇكۇڭ غايىپ بولدى. ئىشچى يۇقۇرىغا قاراپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇشنى كۆردى.

نېفىت ئىشچىسى قۇشقا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى، ئوق تەگمىدى. ئۇ ناھايىتى تېز ۋە ئېگىز ئۇچقاچقا بىردەمدىلا كۆزدىن يوقالدى.

شۇنداق قىلىپ، سۇن ۋۇكۇڭ مىڭلاق ئاتقان يېقىن ئاي

ئوردىسىغا بېرىپ ئويناقچى بولدى.

يەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى خادىم تىت-تىت بولۇپ، باشلىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

— ھاجىتى يوق. —سۇن ۋۇكۇڭ ئاي ئوردىسىدىمۇ دەككە-سىنى يەپ زىيان تارتتى. بىز تېلېۋىزوردىن بۇ ئويۇننىڭ قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرەيلى، — دېدى يەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىنىڭ باشلىقى تولۇق ئىشەنچ بىلەن. ئۇ ئارقىدىنلا، سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇشقا دىققەت قىلىشنى ئايدا تۇرۇشلۇق باش پونكىتقا ئۇقتۇردى. ھەمدە 8-نومۇرلۇق سۈنئىي ھەمرا پونكىتىغا ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتوم راكېتىسىنى ئەۋەتىپ قوغلاش ھاجەتسىز، دەپ ئۇقتۇرۇپ قويدى.

تېلېۋىزوردا ئاي پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نۇرغۇنلىغان ھالقىسىمان تاغلار ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

— دانا بۇ ئاي، — باشلىق ئېلېكتىر كونۇپكىسىنى تولغىشى بىلەنلا، ئاي ئۈستىدىكى ئەھۋاللار ئېكراندا نامايەن بولدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ چاغدا ئايغا قاراپ مىڭ-لىلاق ئېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىرنەچچە مىڭ لاق ئاتسىلا ئايغا يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ توختاپ تۇرۇپ سىنچىلاپ قارىدى. ئۇشتۇمتۇت ئايدىن چاقنىغان كۈچلۈك نۇر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كۆزىنى ئاچتۇرماي قويدى. ئەسلىدە ئايدا ئاتوم پارتلىتىش ئارقىلىق كان قېزىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن كۈچلۈك نۇر يوقالدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلمەي، «نېمىش چاناق ئوخشايدۇ، توختا، بارايلا قوياي»



دىگەن پىكىرگە كەل-
دى-دە، ئارقىسىغا مۇ-
للاق ئېتىپ قايتىپ
كەتتى.

سۈن ۋۇكۇڭ يەنە
بىر نەچچە ئايلانما يەر
شارنى ئايلىنىپ ئالەم
بوشلۇقىدا يۈرگەن-
لىكىنى كۆردى. كانايغا،
تەخسىگە ۋە ساندۇققا
ئوخشايدىغان بۇ نەر-
سىلەر نەدىسىنىڭ ئاي
بولغۇن؟ سۈن ۋۇكۇڭ
ئۇلارنىڭ سىرىنى ھەمرا ئەكەتالىگىنى بىلمىدى،
ئۇلارنىڭ ئىچى يېرىم-يېرىمتى بولۇپ ئادەم باردەك
تۇلاتتى،— ئەجەبا بۇ قانداقىنى ئەرشى بولغۇن؟
كىرىپ كۆرۈپ باقاي-چۇ،— دەپ ئويلىدى سۈن-
ۋۇكۇڭ ۋە ئالدى قاراپ مۇللاق ئېتىپ يۈرۈپ كەتتى.
ئىشتىن يەنە ساتاق چىققىدىغانلىقنى ئۇنىڭ ئېسىگە
نەدىن كەلسۇن؟ كۆتۈرۈلمىگەندە، سۈنئىي ھەمرادىن
قوبۇپ بىرىلگەن ئاتوم راكېتاسى ئۈزدۈل سۈن ۋۇ-
كۇڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى.



سۈن ۋۇكۇڭ نەگە قاچسا ئاتوم راكېتاسىمۇ
شۇ ياققا توغلاپ ماڭدى. سۈن ۋۇكۇڭ دەرھال يۈرە-
لىپ يەر شارىغا قاراپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، راكې-
تامۇ يەنە ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ قوغلاپ، سۈن-

ۋۇكۇڭنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ، ھاسىرىتىپ قويدى.

پەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىنىڭ باشلىقى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدى ھەمدە يولداشلار بىلەن بىللە بۇ ئاخىرقى قېتىم ئويۇننى كۆرۈپ ئولتۇردى.

قارىغىلار! ئاتوم راكېتاسى سۇن ۋۇكۇڭغا يېتىشەيلا دەپ قالدى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى نىمىشقا شۇنچىۋالا قوغلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇ، بۇ راكېتانىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان ئېلېكترومانگىنت بىلەن ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن زەر باغلىغان كالتەكنىڭ كۈچلۈك تارتىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

باشقا ھېچ ئىلاجى تاپالمىغان سۇن ۋۇكۇڭ ئاخىرقى چارىنى ئىشلىتىش قارارىغا كەلدى؛ ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئالتۇن زەر باغلىغان كالتەكنى راكېتاغا ئاتتى. كالتەكنى تارتىۋالغان راكېتا بىر ئايلاندى-دە، سۈنئىي ھەمراھقا قايتىپ كېتىپ قالدى. كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال يەر شارىغا قاراپ سەپەر قىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ «ئەرشنى پاراكەندە قىلىش» بۇياقتا تۇرسۇن، تەكسىچە ئالتۇن زەر باغلىغان كالتىكىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئۇ پېتىۋاتقان قوياشقا قارىغان پېتى دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتا ئولتۇرۇپ ئويغا چۆمدى.

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نىملەرنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بىرلا دىرلاق ئاتتى-دە، ئېكراندىن غايىپ بولدى.

ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

باشلىق ھەممە يەرگە تېلېۋىزورلۇق تېلېفون بېرىپ

ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلسىمۇ، سۇن ۋۇكۇڭ تېپىلمىدى...

ئوشتۇمتۇت شىياۋۋاڭ تېلېفون بېرىپ مۇنداق دېدى: مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئۆيدە ئۇچرىشىپ قېلىش خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىكەن، مەن ئۇنى ئوتتۇۋالاي دېگىچە، ئۇ «غەرپكە ساياھەت» نىڭ ئىچىگە لىككىلا قىلىپ سەكرەپ كىرىۋالدى-دە، رەسىمدىكى سۇن ۋۇكۇڭغا ئايلىنىپ قالدى.

(تۈگىدى)



بىر-بىرىنىڭ ئازغىنە كەمچىلىكىنى ئەپۇ قىلالمايدىغان كىشىلەر قەدىناس دوست بولالمايدۇ.

بوالېيىر

دوست بولۇشنى بىلەك، ئۆزەڭگە دوست تاپالايسەن

ئاسمەن

## بۇندىن كېيىنكى يۈز يىل ئىچىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بويى بىر - ئىككى ئىنگلىز سۇتى ئېگىزلەيدۇ

دورىگەرلىك، سەھىيە، يېمەكلىك ۋە تەنتەربىيە ھەركىتى ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بويى ئېگىزلەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار شەھەر ئەتراپىدا ماكان تۇتىدىغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەردە ھازىرقىدەك 35 يىل ئەمەس، بەلكى 50 يىل ئولتۇرىدىغان بولىدۇ. شەھەرلەردە ئۆيلەر قالمايدۇ. ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ قېلىشى قانۇنسىزلىق بولىدۇ. ئۆيدىن ئىشخانىغا بېرىش ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇتلا كېتىدۇ. ئاپتوموبىل كىرا ھەققى بىر پۇڭ بولىدۇ.

## ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغاقلىقى جۈمەك ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ

كەلگۈسىدە خۇددى بىز ھازىر مۇنچا سۇلىرىنىڭ ئىسسىق - سوغاقلىقىنى جۈمەك بىلەن باشقۇرغىنىمىزدەك، كىشىلەر ئۆي ئىچىدىكى ھاۋانى جۈمەك ئارقىلىق كونترول قىلالايدۇ. شەھەردىكى ھاۋا تەڭشەش مەركىزى ئۆيلەرنى بۇ خىل سوغۇق ۋە ئىسسىق ھاۋا بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

## پىششىق يىمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىشى

بولگا دۇكانلىرى زور مىقداردا ئاشلىق سېتىۋېلىپ پىششىق يىمەكلىكلەرنى ئىشلەيدۇ. بۇنىڭ سېتىلىش نەرقى ئائىلىلەردە ئىشلەنگەن يىمەكلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ ئەر- زان بولىدۇ. بۇ يىمەكلىكلەر بىرسىم بىلەن يەتكۈزگۈچى تۇ- رۇبا ئورنىتىلغان تۈپلەردە ياكى ئاپتوماتىك ماشىنىلاردا ھەم ئىسسىق، ھەم سوغاق ھالەتتە ساقلىنىدۇ. قاچا- قۇ- چىلار تاماق يىيىلىپ بولغاندىن كېيىن تەم تەگىشىش ئېرى- كىتىگە يۇيۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل زور كۆ- لەمدىكى پىششىق يىمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تەگىشىش ئاشخانىلاردا ئەمەس، بەلكى ئېلېكترلەشكەن زاۋۇتلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## پويىز سائەتىگە 150 ئىنگلىز مىلى يول باسىدۇ

بەۋقۇلئاددە تېز پويىز سائەتىگە 150 ئىنگلىز مىلى يول يۈرىدۇ. بۇ خىل تېز پويىزغا ئولتۇرغان كىشى نيۇيوركتىن سان- فىرانسىسكوغا بىر كېچە- كۈندۈزدە يېتىپ بارىدۇ.

## ھەر بىر ئادەم پىيادە 10 ئىنگلىز مىلى يول يۈرەلەيدۇ

تەنتەربىيە — مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسى. ھەربىر ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئىدارە، ئورگان، تەشكىلاتـ

لارنىڭ ھەممىسىدە بەدەن چىنىقتۇرۇش ئۆيى بولىدۇ. ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە ئاممىۋى تەنتەربىيە سارايلىرى قۇرۇلىدۇ. بىر قېتىمدا 10 ئىنگلىز مىلى يولنى باسالمىغان كىشى بەدىنى ئاجىز، كېسەل ھېسابلىنىدۇ.

## تېلېفون پۈتۈن دۇنياغا تۇتىشىدۇ

سىمسىز تېلېفون ۋە تېلېگراف يولى پۈتۈن دۇنياغا تۇتىشىدۇ. ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ مەركىزىدىكى ئەر چىكاگودا تۇرۇۋاتقان ئايالى بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ. كىشىلەر ئاپتوماتىك سىگنال ئارقىلىقلا ھەرقانداق توك يولىنى تۇتاشتۇرالايدۇ. تېلېفونىستنىڭ ئۇلاپ بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

## ئەچچەخىل دورىنى ئىچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ

تەن ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىنى داۋالاشتا بىۋاستە كېرەكلىك بولمىغان دورىلار ئىستېمال قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ئۆپكىگە ھاجەتلىك بولغان دورا تېرە ئارقىلىق شۇ جاينىڭ ئۆزىگىلا بىۋاستە يەتكۈزۈلىدۇ. دوختۇر ھەركەت قىلىۋاتقان يۈرەكنىلا كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى يۈرەكنىڭ ھەرقانداق قىسمىنى چوڭايتىپ سۈرەتكە ئالالايدۇ.




## روزى ھېيت

جۇنەيد بەكرى

روزى ھېيت — شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى. بۇ بايرامنى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆز مىللى ئۆرپ - ئادىتى بويىچە زور تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

روزا — ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ، «كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن بۇ روزا تۇتۇش مەنىسىدە قوللىنىلغان. ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى بويىچە، روزا تۇتۇش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. ئىسلام كالىندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى 9 - ئاي «رامىزان ئېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلامىيەت مەنبەلىرىنىڭ قەيت قىلىشىچە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەدىن 12 يىل بۇرۇن (مىلادى 610 - يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ بىر كېچىسى ئىسلام دەستۇرى بولغان

«قۇرئان» ئايەتلىرىنى مۇشۇ رامىزان ئېيىدا ۋەھىي تەرىقىسىدە قوبۇل قىلغانمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 624 - يىلى) رامىزان ئېيىنى روزا تۇتىدىغان ئاي قىلىپ بەلگىلىگەنمىش، ئىسلام دىنى بەلگىلىمىسى بويىچە بۇ ئايدا بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمان بىر ئاي روزا تۇتىدۇ. روزا تۇتقان ئادەم رامىزان ئېيىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن زوللۇق (سوھۇرلۇق) قا قوپۇپ تاماق، يەپ روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ، يېمەك - ئىچمەك، ئەيش - ئىشرەتلەردىن خالى بولىدۇ. كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر بۇتۇم سۇ ياكى تۇز ۋە ياكى ھۆل مېۋە بىلەن ئىپتار قىلىپ، ئاندىن تاماق يەيدۇ. ئادەتتە روزا بىر ئاي تۇتۇلىدۇ. روزا تۇتۇش رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى تاماملىنىپ، 10 - ئاينىڭ (شاۋۋالنىڭ) 1 - كۈنى روزى ھېيت بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ دىنىي بايرام زور ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام بولۇپ قالغان.

ئادەتتە روزى ھېيت يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار ھېيت تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى، ئىشىك ئالدى، كوچىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تازىلايدۇ. ئۆي - قورالىرىنى رېمونت قىلىدۇ، تاملىرىنى ئاقارتىدۇ. ئۆيۋاقلىرىنى يىغىپ تازىلاپ، ئادەتتىكىدىن پاكىز قىلىدۇ. كىيىم - كېچەك، كىر - قاتلىرىنى يۇيىدۇ، ھېيتلىق كىيىملەرنى تىكتۈرىدۇ، كونىلىرىنى ياماپدۇ ۋە چاچ ئالدۇرۇش، يۇيۇنۇش قاتارلىق شەخسىي تازىلىقلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك بىر تازىلىق ھەرىكىتى ئورۇنلىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلە نان يېقىش، ساڭزا

سېلىشقا تەييارلىق قىلىدۇ.

روزى ھېيتنىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەندە مۇسۇلمانلار مەسچىت ياكى بىر خالى يەرگە يىغىلىپ ئىككى رەكئەت روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ. نامازدىن ياندىن جامائەت بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەيدۇ. كەمبەغەل، غېرىب - غۇرۋالارغا بول - بۇچەك بېرىپ سەدىقە قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قەۋرىستانغا بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجداد - ئەۋلادلىرىنىڭ روھى ئۈ - چۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توپ - توپ بولۇپ ياكى ئايرىم ھالدا بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە كالېندارى بىلەن مىلادى كالېندارىنىڭ ھېسابلاش ۋاقتى پەرقلىق بولغانلىقتىن (بۇ ئىككى كالېندار 11 كۈن پەرق قىلىدۇ)، مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتىدىغان رامىزان ئېيى گاھى ئىسسىق - تومۇز ئايلىرىغا توغرا كەلسە، گاھى قىش - زېمىستان ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. 1983 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزى ھېيت 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە توغرا كەلدى. ئەمدى بۇ يىل يەنى 1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزا ھېيت 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە، يەنى ئازا ئىسسىق كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ. 2000 - يىلغا بارغاندا، 11 - ئاي- نىڭ 8 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزا ھېيت 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگە، يەنى ئازا سوغاق كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ.

بالىلارنىڭ ئاساسى مۇزىكا ساۋادى بولۇشى كېرەك... مۇزىكا تەربىيىسى ئىنسانىيەتنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئاچىدىغان ئەڭ ياخشى يول.

ھېيرون زېيېر

تەھرىر ئىلاۋىسى:

يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەر سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالا يېزىش ۋە ھېسابلاش ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بىز مۇشۇ مۇسابىقىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالىلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق. ھەرقايسى شەھەر ۋە مەكتەپلەرنىڭ مۇشۇنداق خىلمۇ-خىل مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزۈشىنى ھەمدە بۇ مۇسابىقىلەردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالىلارنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم

ئالىيە ئابدۇراخمان

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ١٢ - باشلانغۇچ مەكتەپ ٥ - يىللىق ٤ - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

قولۇمدا كىتاب، ئۇنى زوق-ئىشتىياق بىلەن ئوقۇماقتىمەن. شۇ دەم ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ماڭا مۇشۇ ئىلىم-پەننى ئۆگەتكەن سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىمنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمغا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

سۆيۈملۈك ئۇستازىم، ھېلىمۇ ئېسىمدىن كەتمەيدۇ، مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى سىز مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ،

سىنىپقا ئېلىپ كىردىڭىز. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزەمنى ئىلىم - پەن گۈلزارى بولغان مەكتەپنىڭ جۇشقۇن ھايات دۇنياسىدا كۆردۈم - دە، مۇقەددەس پارتىمدىن ئورۇن ئالدىم.

سىز بېشىمنى ئاستا سىلاپ، تۇنجى قېتىم دەرس ئۆتتىڭىز. تىلىڭىزدىن تۆكۈلگەن بىلىم شەربىتى قەلبىمگە ئېقىپ كىردى. ئاشۇ جاپالىق ئەجرىڭىزدە ماڭا ئوخشاش سانسىز يۇەران كۆچەتلەر ئورمان بولدى.

— سۆيۈملۈك ئۇستاز، بىلىمەن، سىزنىڭ بارلىق قوراللىڭىز بور، دەپتەر، قەلەم ۋە كىتابلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ قوراللار بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن گىگانت قەدەم تاشلاپ كۈرەش قىلىۋاتىسىز.

ئەي سۆيۈملۈك ئۇستازىم، خىزمىتىڭىز جاپالىق، تۆھپىڭىز بىھېساپ... شۇڭا سىزنى ئەرىپلىمەي تۇرالايمەنمۇ؟ بىلىم قويىنىغا ئۆزەمنى ئاتماي تۇرالايمەنمۇ؟

سىزنىڭ ئەجرىڭىز مېنى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆگىنىشكە چاقىرماقتا. مەن قەلبىمنى سىز قازغان بىلىم بۇلىقى بىلەن سۇغىرىپ، ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويماي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئۆزەمنى بېغىشلايمەن.

## باھار

ئەدھەم سۇلتان

(ئۆكتەبىر تىراكتور زاۋۇدى پەرزەنتلەر مەكتىۋى
4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

قىش كۈنلىرى دەرستىن چۈشۈپ، چانا تېيىلىپ ئوينايدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر نەر-

سىنى ئىزلەيدىغاندەك قىلاتتى.

بىر كۈنى سەھەردە ئويغىنىپ تۇرۇپ ئالاغا چىقتىم. بىردىنلا بۇرنۇمغا يېقىملىق بىر پۇراق ئۇرۇلدى. دەل شۇ چاغدا مەن ئۆگزىدىكى ۋە ھويلىدىكى قارلارنىڭ ئېرىگەنلىكىنى كۆرۈپ، باھار كەلگەنلىكىنى سەزدىم.

ھويلىمىزدىكى كىچىككىنە بىر تۈپ كۆچەتكە بىرنەچچە قۇشقاچ قونۇۋېلىپ، خۇددى باھارنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولغاندەك، تىنماي ۋىچىرلىشاتتى. مەن بۇنىڭدىن بىر خىل كۆتۈرەڭگۈلۈك ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ باھار كەلگەن ئىدى.

باھاردا دەل-دەرەخلەر كۆكلىرىپ تەبىئەتكە ھۆسن قوشىدۇ. دېھقانلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرىمۇ باھاردىن باشلىنىدۇ. باھار كېلىشى بىلەن تېرىم ئىشلىرىغا ئالدىرىشىدۇ. ئېتىزلاردا ئەمگەكنىڭ شات ناخشىسى ياڭرايدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە يۇمران مايسىلار ئۈنىدۇ. قالغاچ، سوپىسوپىيالاق، قارىغۇجا قاتارلىق قۇشلار جەنۇپتىن ئۇچۇپ كېلىدۇ. باھار يامغۇرى ياغىدۇ. باھار يامغۇرىدىن يايرىغان مېۋە دەرەخلىرى رەڭگا-رەڭ چېچەكلەيدۇ. ئادەملەر ھويلىلىرىغا گۈللەرنى تېرىيدۇ. بىزمۇ ھويلىمىزدىكى گۈللۈككە ئەڭ ياخشى گۈل ئۇرۇقلىرىدىن تەردۇق ۋە ئۇلارنىڭ تېز ئۈنۈشىنى كۈتۈۋاتىمىز. باھار ئەنە شۇنداق مەنزىرىگە باي، تەبىئەتكە جان كىرگۈزىدىغان گۈزەل پەسىل. شۇڭا مەن باھارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

## ئەجدادلار ئىزىدىن

مەھەممەتجان ياسىن

(ئۈرۈمچى تىراكتور زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ساۋاقداشلار، بىز ھازىر ئاپئاق، مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. كىيىم-كېچەكلىرى-



AltunOq

رىمىز تولۇق، يېمەك-ئىچمىكىمىز ئوبدان، تۇرمۇشىمىز پاراۋان ...

بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىپ، تەبىئەت ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ، ئىلىم-پەندە يېڭى-يېڭى كەشپىياتلار يارىتىپ، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. توكنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان كىشىلەر تۇرمۇشىدا، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم قورال بولۇپ قالدى.

توك بولمىغان بولسا، رادىئو، تېلېۋىزورلار بولمىغان بولاتتى؛ مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيانىڭ كۈندىلىك ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالاتتۇق؛ ئۇ بولمىغان بولسا، ئايرۇپىلان، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرى بولمىغان بولاتتى؛ كانلارنى ئاچقىلى، نەچچە يۈز مېتىر يەر ئاستىدىكى نېفىتلارنى چىقارغىلى بولمايتتى؛ توك بىلەن سۇ چىقىرىپ، تىراكتوردا يەر ھەيدەپ دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايتتى ... ئەنە شۇنداق مۇھىم تەرەپنى ئىلىم-پەننىڭ كۈچى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئىلىم-پەن پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق بۇلىقى. مەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلغان قەيسەر روھىدىن ئۆگىنىمەن، ئىلىم-پەننى ئىگىلەپ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن يارامىلىق، ئىختىساسلىق ئادەم بولۇشقا تىرىشىمەن.

# تاپشۇرۇق

(ھېكايە)

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

(كۆچار ناھىيىلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

— ئەسەتجان، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ ئاندىن ئوينىغىن، يۈز ئوغلۇم، — دېدى دادام بىر كۈنى مېنى ئويناۋاتقان يېرىمدىن چاقىرىپ. مەن ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆيگە كىرىشكە مەجبۇر بولدۇم.

بۈگۈنكى تاپشۇرۇقتا ئىككى مەسىلە بېرىلگەن ئىدى. بىرىنى مۇزاكىرە ۋاقتىدا باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالغان ئىدىم، پەقەت ئىككىنچى بىر مەسىلىلا قالغان بولۇپ، پۈتۈن ئوي-خىيالىم تېلېۋىزور كۆرۈشتە بولغاچقا، زادىلا ئىشلەشكە كۆزۈم يەتمەيدى، شۇڭا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ئاچامغا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم:

— مۇشۇ بىرنىلا ئىشلەپ بېرە ئاچا، بۇندىن كېيىن چوقۇم ئۆزەم ئىشلەيمەن، — دېدىم. ئاچام «ئۆزەڭ كاللاڭنى ئىشلىتىپ ئىشلە» دېۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنۇمىدىم.

ئاچام مەندىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ئۇ مەسىلىنى

ماڭا چۈشەندۈرۈپ ئىشلەپ بېرىپ:

— ئەمدى ئۆزەڭ يەنە بىر قۇر كۆرۈپ چىق، ئىشلەش يوللىرىنى ئوبدان ئېسىڭگە ئېلىۋال، — دېدى.

مەن ئۇ مەسىلىگە ئاندىن-مۇندا قاراپ قويۇپلا كىتاپ دەپتەرلىرىمنى بوخچىغا سالدىم-دە، تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئۆيگە چىقتىم.

* * *

شۇ كۈندىن باشلاپ تاپشۇرۇق ئىشلەشتىن قىلچە غەم يېمەيدىغان يېڭى بىر ئادەتنى تاپتىم. تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمگە يۈز نومۇر توشۇشقا باشلىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، تاپشۇرۇقلارنى يۇقىرى يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم.

مەن دەپتىرىمدىكى يۈز نومۇر بىلەن باشقا ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ماختىناتتىم. ئوقۇتقۇچىمۇ بىر قېتىم مېنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا دەپتىرىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئالاھىدە ماختىدى.

— ماۋۇنى چۈشەندۈرۈپ قويغىنا ئاداش، — بىللە ئولتۇرىدىغان ساۋاقدىشىم جاراپ كىتابىنى ماڭا تەڭلىدى.

— ھازىر ۋاقتىم يوق، — سوغاقلا جاۋاپ بەردىم مەن. ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى. لېكىن يەنىلا شۇ مەسىلە بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. «يۈز نومۇر ئېلىشنى ئۇقمايدىغان تەخسەق» دېدىم ئىچىمدە كۈلۈپ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىمتىھان كۈنلىرىمۇ يېقىنلاشماقتا ئىدى.

* * *

سىنىپ ئىچى جىمجىت ئىدى، ئوقۇتقۇچى ئىمتىھان نومۇرىنى ئوقۇماقتا. مەن دەككە-دۈككە ئىچىدە ئولتۇرالماي

قالدىم، چۈنكى ئىمتىھاندا قاتتىق مەسىلىنى ئىشلىيەلمىگەنلىكىم ئۆزەڭگە ئايان-دە. ئۇ چاغدا مەن دەپتىرىمدىن كۆچۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولساممۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كۆچۈرەلمىگەن ئىدىم...

مانا نۆۋەت ماڭىمۇ كېلىپ قالدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەشكە باشلىدى.

— ئەسەت، — دېدى ئوقۇتقۇچى بىر ئاز توختاپ، — ئەللىك.

بىردىنلا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار نىمىلەرنىدۇر دەپ ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى. قەغىزىمنى جارۇپ ئەكىلىپ بەردى، ئۇ ھەر ئىككىلا پەندىن ئەللا دەرىجىدە ئۆتكەن ئىدى. مەن ئىختىيارسىز مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم...

مۇقاۋىنىڭ 3-بېتىدىكى تېپىشماق سۈرەتنىڭ جاۋابى:



«ئاق مەخمەل پايپاق، كۆك مەخمەل پايپاق» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى توختىماي ئىككى قېتىم تېز دېيەلەمسىز؟

# ماختانچاق كەگەزنىڭ ئاقىۋىتى

ساھىدەم ئابدۇراخمان
(غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

بىر كۈنى، بىر ئادەم بازاردىن بىر بورا ۋە بىر پارچە كەگەز سېتىۋېلىپ كېلىپ ئۆيىگە سېلىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بورا بىلەن كەگەز بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇپتۇ. لېكىن كەگەز ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، بورىنى كۆزگە ئىلماي، ھەمىشە ئۆزىنى ماختاپلا تۇرىدىكەن. بۇنىڭغا بورا دەسلەپتە ئانچە ئېرەنسىمەپتۇ، لېكىن بىر كۈنى كەگەز بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ:

— سېنى ئۆيىگە سالسىمۇ، سالمىسىمۇ بولىدۇ. قارا مەن نېمە دېگەن يۇمشاق، رەڭدار، خوجايىن ھەر كۈنى مېنىڭ ئۈستۈمدە راھەتلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ، سەن بولساڭ قاتتىق، قوپال بىر نەرسە. قاراپتۇر، خوجايىن سېنى ئەخلەت - چاۋالار ئىچىگە تاشلايدۇ... مانچۇ؟ مەندىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم... — دەپ كۆرەڭلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بورا ئاچچىقىنى باسالماي:

— مەن سېنى زەي تۇتۇپ يەردىن ئايرىپ تۇرغىنىم ئۈچۈن ئامانسەن، ئەگەر مەن بولمىسام سەن ئاللىقاچان تۇپراققا سىڭىپ چىرىپ تۈگەشكەن بولاتتىڭ... — دەپتۇ.

كەگەز يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ:

— سېنى ھەزەر مەن ئۆز يېنىمدا تۇرغۇزۇۋاتىمەن. ۋالاقلىماي يوقال، — دەپ چالۋاقاپتۇ... لېكىن بىر يىلدىن كېيىنلا كەگەزنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇنى ئاشخانىدىكى ئەسكى، تۆشۈكلەر ئارىسىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

# كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىمنى قوزغىدى

3- سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تاپشۇرۇقنىڭ كۆپلۈكى ۋە دەرسنىڭ تەسلىكىدىن دائىم بىزار بولاتتىم.

بىر كۈنى قولۇمغا «ئېدىسون» دېگەن كىتاب چىقىپ قالدى، بىرنەچچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقتىم. ئېدىسوننىڭ ھېكايىسىدىن جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئوقۇغاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. كېيىن «يۈز مىڭ نېمە ئۈچۈن» دېگەن كىتابنىڭ 12 قىسمىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. بۇ كىتابنى دېگەندەك چۈشىنەلمىگەن بولسامۇ، ئەمما ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمنى قوزغىدى. كۆپ كىتاب كۆرگەنسېرى بىلىمىم ئېشىپ باردى، دەرسلەردىمۇ باشقا ساۋاقداشلارغا يېتىشىۋالدىم.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشىم بىلەنلا يەنە يېڭى زىددىيەت پەيدا بولدى. دەرس ۋە تاپشۇرۇق كۆپ، كىتاب كۆرۈشكە نەدىكى ۋاقىت؟ تازا ئارسالدى بولۇپ قالغىنىمدا تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمى مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ، دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇشنى قىلچە توختاتماسلىقنى ھەم ھەپتىدە بىر پارچە تەسىرات خاتىرىسى يېزىشنى جېكىلىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك ياخشى بولدى، ئەسلىدە تىل دەرسىدىكى نەتىجەم 80 نومۇر ئەتراپىدىلا بولاتتى، بۇ نۆۋەت بىراقلا 90 دىن ھالقىپ كەتتى. مەن يەنە ھايۋاناتلارغا، ئۆسۈملۈكلەرگە، تارىخقا، كۆنۈكمە ئىشلەشكە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. ھازىر مەن بىئولوگىيە، تارىخ ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق دەرسلەرنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ بىرلا قېتىمدا چۈشىنەلەيمەن، ئۆگىنىش نەتىجەممۇ بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە.

ئۆمەرجان مۇھەممەت

# ئون ئىككى ياشلىق ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

ئون ئىككى ياشلىق لۇئىزا لاۋرېنس ئىمتىھاندا كۆچەلمۇك رەقەملەرنى يېشىپ، دۇنياغا مەشھۇر ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتىگە قوبۇل قىلىنىش بىلەن ئەنگلىيىدە بويىچە يېشى ئەڭ كىچىك ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، كىممۇ ئۇنى مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن قىز دەپ ئويلىسۇن؟

لۇئىزانىڭ ئاتىسى خاررى بۈكشىر شتاتىدىكى بىر شىركەتنىڭ ھېساپلاش ماشىنا مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ، قىزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق تالانتى ۋە ئادەملەردە كەم ئۇچرايدىغان قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئۆيدە ئوقۇتماقچى بولىدۇ. لۇئىزا بەش ياشقا كىرگەندە، دادىسى شىركەتتىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، قىزىغا ئائىلىدە دەرس بېرىشكە باشلايدۇ. ئائىلىنى بېقىشنى لۇئىزانىڭ ئانىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ ھېساپلاش ماشىنىسى كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئائىلىنىڭ يېڭى ھاياتى باشلىنىدۇ. خاررى ھەر كۈنى ئۆيدە قىزىنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دادىسى: «مۇشۇنداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىشىم مۇمكىن» دەپ قاراپ، قىزى ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىنمۇ ئۇنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ. بىرنەچچە يىل مۇشۇ تەرىزدە ئۆتىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق تىرىشىپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

## تۇرمە ئىلھامى

1743 - يىلى مىخائىل لومونوسوف ئۆز رەقىبى — پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى گېرمانىيە كۆچمەنلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم كەسكىن ئېلىشقاندىن كېيىن، باشلىق ئۇنىڭغا قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ ياتقان كامېرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، قىش كۈنلىرى ئۆي ئىچى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ كېتەتتى، شۇنداقتىمۇ، بۇ ئالىم ئۆز خىزمىتىنى ئاۋالقىدەكلا بىخىرامان ئىشلەۋېرەتتى.

تۇرمە مۇددىتى تۈگىشىشكە ئاز قالغاندا، ئۇ پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەسىرى «ئىسسىق ۋە سوغۇق توغرىسىدا» نى تاپشۇردى.

## رەسسامنىڭ سۈرەت تارتىشى

روسىيە رەسسامى رېپىن پارىژدا ھۆكۈمەت ھېساۋىغا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا — سۈرەت تارتىش بىلەن تونۇشقان ئىدى. ئۇ يېڭىلىق سۈرەت تارتىش ئاپاراتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۆز دوستلىرىنى تەكلىپ قىلدى-دە، ئالدىراشلىق بىلەن پىلىونكا قاچىلاش، ئارىلىقنى توغرىلاش، نۇرنى تەڭشەش... قاتارلىق ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتى.

«— ياق، بۇ ۋاقىتنى بەكمۇ ئىسراپ قىلىدىغان ئىش ئىكەن!» دېدى رەسسام بۇ ئىشتىن بەكمۇ زېرىككەن ھالدا. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ رەسىم جازىسىنى تىكلەپ قويۇپ، ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا، ئۆز دوستلىرىنىڭ كوللېكتىپ رەسىمىنى ماي بوياق بىلەن سىزىپ بېرىدۇ.




بۈگۈن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمدا، مەن دەرىزىدىن سىرتقا بىر ئايالغا سوقۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. كوچىدا ماڭغاندا كوچىنىڭ قائىدىسىگە رىئايە قىلىشنىڭ كېرەكلىكى. مەن ئائىلىدە ناھايىتى ئەدەبلىك تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن كوچىدا ئۇنداق بولالمايمەن؟ دېسەم، ئۇ: كوچا كۆپچىلىكنىڭ ئائىلىسى، كوچىدا تېنى ئاجىز قېرىلارنى، كېسەللەرنى، بالا كۆتۈرىۋالغان ئاياللارنى، ھاسا تايىنىۋالغان توكۇرلارنى، ئېغىر نەرسىلەرنى يۈدۈۋالغانلارنى، ماتەم كىيىمىنى كىيىۋالغانلارنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ يول بېرىش كېرەك. قېرىلارغا، بەدىنى مېيىپلەرگە، ئۇچرىغانلارغا، ئاجىزلارغا، مېھنەتكەشلەرگە ۋە ئۆلۈداك بولغانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش كېرەك. ئەگەر بىرەر كىچىك بالىنى ھارۋا دەسسىۋېتىش ئالدىدا تۇرغان بولسا، دەرھال يۈگۈرۈپ قۇتقۇزىدۇر، ئەگەر چوڭ ئادەم بولسا پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇر، يىغلاۋاتقان كىچىك بالىنى كۆرسەڭ ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورا، قېرىلارنىڭ ھاسىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەڭ ئېلىپ بەر، كىچىك بالىلارنىڭ ئۇرۇ-

شۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئاجرىتىۋەت، ئەگەر چوڭ ئادەملەر ئولتۇرۇۋاتقان بولسا ئۆزەڭنى يىراققا ئال، قەبىھ ھەركەتلەر-نى كۆرگۈچى بولما، كۆپ كۆرسەڭ تاش يۈرەك بولۇپ قالىسەن، ئەگەر ساقچى بىرەرسىنى باغلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسا، ئادەملەرنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا قارىما، چۈنكى بۇ ئادەمگە ئۇۋال قىلىنغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال.

دوختۇرخانىدا جىرغا تۇتۇشۇۋاتقانلىقىنى ئۇچراتساڭ كۈلكەڭنى ۋە پاراڭنى توختات، چۈنكى ئۇنىڭدا ياتقىنى ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەل ئادەم ۋە دەپنە قىلىشقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئادەم بولۇشى ئېھتىمال. دالىتامدىكى يا-لىلارنى، قارغۇ، گاس-گاچىلارنى، دوك ئادەملەرنى، يېتىم بالىلارنى، تاشلاندۇق بالىلارنى ھۆرمەتلە، چۈنكى ئۇلار بەختسىزلەر. ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، قىياپىتى كۈلكىلىك ياكى يىرگىنىشلىك مېيىپلارنى، مەجرۇھ-لارنى ئۇچراتساڭ كۆرمەسكە سال. يوللاردا ئۆچۈرۈلمىگەن سەرەڭگە ياكى ئوتلارنى ئۇچراتساڭ دەسسەپ ئۆچۈرۈۋەت، چۈنكى بۇ ئوت ئاپەتكە سەۋەبچى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھا-ياتىغا زىيان زەخمەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بەزىلەر سىنىڭ-دىن يول سورىسا تىزغىن ۋە ئەدەپلىك ھالدا ئېيتىپ بەر. كىشىلەرگە قاراپ كۈلمە، بىھۇدە يۈگۈرۈپ يۈرمە، ئاۋازىڭنى يوغان چىقىرىپ ۋاقىرىما.

كوچىدىكى مېڭىش-تۇرۇشۇڭغا ئەھمىيەت بېرىشىڭ كېرەك، بىر دۆلەت گىراژداننىڭ تەربىيە دەرىجىسى ئۇلار-نىڭ كوچىدىكى ھەركىتى ۋە يۈرۈش تۇرۇشىدىن ئاسانلا كۆرۈنىدۇ، كوچىدىكى ئىپادەڭ سىنىڭ قانچىلىك تەربىيە كۆر-گەنلىكىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ياشاۋاتقان شەھىرىڭنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەر، ھەر بىر كوچىسىنى تەتقىق قىل. ئەگەر سەن كۆڭلۈڭنىڭ بىردە يىراق يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ چىقىپ كەتسەڭ، يۇرتۇڭدىكى شەھەرنىڭ ھەر بىر كوچىسىنى، ھەر بىر ئۆي-ئىمارىتىنى، ھەر بىر تۈپ دەرىخىنى ۋە گۈللۈكلىرىنى ئوچۇق ئېسىڭگە ئالساڭ، بۇ نېمە دېگەن خۇشاللىق ئىش-ھە؟! تۇغۇلغان جاي، ئۇزۇن يىلدىن بېرى سەن ياشاپ كېلىۋاتقان دۇنيا، سېنىڭ مۇشۇ يەردە ئاناڭغا ئەگىشىپ ئايىغىڭ چىققان، تۇنجى قېتىملىق قىزغىنلىقىڭ، تۇنجى قەدەمدىكى ئىدىيەڭ شەكىللەنگەن، ئەڭ دەسلەپكى دوستلىرىڭ بىلەن تونۇشقان. بۇ جاي سېنىڭ ئاناڭ. چۈنكى ئۇ سېنى تەربىيىلىگەن، سېنى سۆيگەن، سېنى ئاسرىغان، شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ بارلىق كوچىلىرىنى ۋە ئاھالىسىنى تەتقىق قىل! ئۇنى سۆي، ئۇ تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچرىغاندا ئۇنى قوغدا.

— داداڭدىن

(مۇھەببەت تەربىيىسى) دېگەن كىتابتىن ئېلىندى

## كىچىك ئاپتورلارنىڭ دىققىتىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلىدىغان ماقالا ۋە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ جاۋاپلىرى سېلىنغان كونۋېرتلارغا ماركا چاپلاش ھاجەتسىز. كونۋېرتنىڭ بىر بۇرجىكىنى قىيىۋېتىپلا پوچتىغا سالسىڭىز بولىدۇ.

«تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىر بۆلۈمى

ئىككى خىل كىشىنىڭ جاپا تارتقىنى بىكار، تىرىشقىنى پايدىسىز: بىرى مال يىغدى، يېمىدى؛ يەنە بىرى ئۆگەندى، ئەمەل قىلمىدى.

× × ×

ئۈچ نەرسىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس: تىجارەتسىز مال؛ بەھس، مۇنازىرىسىز ئىلىم؛ سىياسەت ـ قانۇنى بولمىغان دۆلەت.

× × ×

يامانلارغا رەھىم قىلىش — ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش — كەمبەغەللەرگە جەۋرى سېلىشتۇر.

× × ×

ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھشەتتە تۇغدۇرىدۇ، ئورۇنسىز يۇمشاقلىق ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما، كىشىلەر سەندىن بىزار بولىدۇ؛ ئۇنچىلىك يۇۋاشمۇ بولۇپ كەتمە، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

× × ×

دىلنى رەنجىتىدىغان خەۋەرنى ئۇقساڭ سۈكۈت قىل، باشقىلار يەتكۈزسۇن.

× × ×

ئەخمەق ئادەمگە ماختاش ياقىدۇ، نىيەتە قىلىنغان كۆشنىڭ توپۇقىدىن يۈزلەپ يەل بەرسەڭ سېمىز كۆرۈنىدۇ.

× × ×

سۆزلىگۈچىنىڭ كەمچىلىكىنى يەنە بىر كىشى كۆرسىتىپ بەرمىگىچە، ئۇنىڭ سۆزى تۈزەلمەيدۇ.

# سەرەڭگە ساتقۇچى بالا

دەئان ستېفەر

(ئەنگلىيە)

بۇ ۋەقە ئېدىنبۇرگدا يۈز بەرگەن ئىدى. خېلىلا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بىر كۈنى، مەن بىر خىزمەتدىشىم بىلەن مېھمانخانا ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتىم، يېنىمىزغا ئاداققۇ يۈزى سوغاقتىن كۆكىرىپ كەتكەن، يالىڭاياق بىر بالا كەلدى. ئۇ ئۈستىگە جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن بىر يېلىڭ چاپان كىيگەن ئىدى.

— ئەپەندىلەر، بىرەر قاپ سەرەڭگە ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ئۇ.

— سەرەڭگىمىز بار، ئالمايمىز، — دېدى ھەمراھىم.

— ئەرزان بېرىمەن، بىر قېپى بىر پېننى* — دېدى ئۇ بىچارە بالا يالۋۇرۇپ.

— ھەر ئىككىمىزدە سەرەڭگە بار، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا.

* — پېننى — ئەنگلىيە پۇلى، 100 پېننى بىر فوند ستېرلىڭدۇر.



ئۇ بالا سەل ئويـ
لىنىۋېلىپ:
— ھەر بىرلىرىگە بىر
پېنىسىگە ئىككى قاپ بې-
رەي، — دېدى.
مەن ئۇ بالىنى كەت-
كۈزۈۋېتىش ئۈچۈنلا بىر
قاپ سەرەڭگە ئالماقچى
بولدۇم. بىراق پۇلنى بەر-
مەكچى بولۇپ يانچۇقۇمنى
ئاختۇرسام پارچە پۇل يوق
ئىكەن. شۇڭا مەن:
— ئەتە ئالاي، — دېدىم.
— ئەپەندىم، بۈگۈن ئالسىلا، يېنىمدا پۇل يوق ئاچ قالدىم، پۇللىرىنى پارچىلاپ ئەكىلەي...

مەن ئۇنىڭغا بىر شاللىڭ بەردىم، ئۇ ئالدىمىزدىن يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. مەن خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولساممۇ، ئۇ كەلمىدى؛ ئالدانغان ئوخشايمەن، دەپ مېھ-مانخانىغا كىرىپ كەتتىم؛ كۆڭلۈمدە بولسا، ھېلىقى بالىنىڭ يۇۋاش، مۆمىن، بىچارە قىياپىتى جانلىنىپ: «ئۇ يامان يولغا كىرمىگەن بالا» دەپ ھۆكۈم چىقىراتتىم.

شۇ كۈنى كەچتە مېھمانخانا خادىمى مېنى بىر كىچىك بالا ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. مەن ئۇ بالىنى ئال-دىمغا چاقىرتتىم. قارىسام ئۇ باشقا بالا ئىكەن. ئەمما مەن بىر قاراشتىلا بۇ بالا ھېلىقى بالىنىڭ ئىنىسى ئىكەن-لىكىنى بىلىۋالدىم. بۇ بالىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئاكىسى-

مىڭگىدىنمۇ كونا ئىدى. ئۇ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ:

— ئەپەندىم، سەندىيدىن سەرەڭگە ئالغان ئەپەندى ئۆزلىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— ماۋۇ سىزگە ياندۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك پۇل، — دېدى ئۇ بالا يانچۇقىدىن پارچە پۇللارنى ئېلىپ، — سەندىي بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، ئۇنى بايا ھارۋا بېسىۋېتىپتۇ... ئۇنىڭ شەپكىسى، سەرەڭگىلىرى شۇ يەردە يىتىپ كېتىپتۇ... ئۇندىن باشقا يەنە يەتتە پېنىي پۇلىنىمۇ نەگە چۈشۈپ قالغىنىنى بىلەلمەيدىكەنمەن... دوختۇر ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا... مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم مۇشۇ.

مەن بۇ بالىغا يەيدىغانغا بىر ئاز نەرسە بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەندىينى يوقلاپ باردىم. ئۇلار يېتىم بالىلار ئىكەن. بىچارە سەندىي بىر كونا كارۋاتتا يېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا تونىدى ۋە كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا يىغلىمسىراپ:

— مەن پۇلنى بىگىتىپ بولغانتىم، سىزنىڭ قاشلىرىغا كېتىۋاتسام ھارۋا بېسىۋالدى... ئاھ بىچارە لىمىي! مەن ئۆلۈپ كەتسەم سەن قانداقمۇ قىلارسەن؟... بىچارە لىمىي! ساڭا كىم قارار؟ — دېدى ئۇ ئىنىسىغا قاراپ.

مەن لىمىينىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭغا مەن قارايمەن، بۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، — دېدىم.

بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان سەندىي كۆزلىرىنى مىننەتدار-



AltunOq



لىق بىلەن بىر پەس تىكىل-
دى-دە، نۇرسىزلىنىۋاتقان
كۆزلىرىنى بىردىنلا يۇم-
دى... ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆ-
لۈپ كەتتى.

بۇ ھېكايە مەيلى ياش
پاكى پاشانغانلار بولسۇن، ھەرقاندىقى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ...

سۆيۈملۈك بالىلار، سىلەر يالىڭاچ سۆزلىمەكچى بولغىنىڭلاردا ئۆزەڭلەردىن كىچىك بالىلارنى بوزەك ئېتىپ ئويناقچى بولغىنىڭلاردا پاكى قىلمىشقا بولمايدىغان ئىشنى قىلغىنىڭلاردا سەندىبىنى ئويلاڭلار! سىلەرمۇ ئاشۇ ئاچ-زارلىقتا پاشاپ ئالەمدىن ۋاقىتسىز ئۆتكەن بالىدەك كۆيۈمچان، سەمىمى بولۇڭلار! مەن قاتتىق تەسىرلەندىم ۋە ئۇنىڭغا: «ئۇكىسىنىڭ لېيىنى مەن باقىمەن» دېدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلىدى، بۇ، سەندىبى ھاياتىدا ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىغان گەپ.

مەن بۇ ھېكايىنى سىلەرگە سۆزلەپ بەردىم. سەندىبى سەكراتتا چۈشكەندە ئۆتكە... چاقىسىز ئىنىسىنىڭ غېمىنى يەگەن... مېنىڭ سىلەردىن ئۈمىدىم شۇكى، سىلەرمۇ كەمبەغەل-ئاجىز بالىلارغا ھېسداشلىق قىلىڭلار!

ھۆرمەتكار ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەككىنچى تالى.

— ماركس

# بېشارەت بېرىش

سېلما لاگېرلوف (شۋېتسىيە)

مۆھەررىردىن: كىچىك دوستلار، سىلەر تېلېۋىزىيە چاتما تىياتىرى «نىلسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى» نى كۆرگەنمۇ؟ بەلكى سىلەر غازغا مىنىپ پۈتۈن شۋېتسىيەنى ئايلىنىپ چىققان نىلسنىڭ ھاياتىغا بەكمۇ قىزىققانسىلەر؟ پات ئارىدا نىلسنىڭ ئاشۇ ساياھەت جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن رومان كىتابخانىلاردا سېتىلىدۇ. تۆۋەندە سىلەرگە شۇ كىتابتىن كىچىككىنە بىر پارچە تونۇشتۇرىمىز.

كېچە، تۈگەن كۆلىدىكى بىر ئارالچاقتا ئۇخلاۋاتقان نىلسنى پالاق ئاۋازى ئويغىتىۋەتتى. ئويغانغان نىلس كۈچلۈك نۇر تەسىرىدە كۆزىنى دەرھال ئاچالماي قالدى.

ئۇ، كۆزى يورۇقلۇققا كۆنگەندىن كېيىن، ئىككى ئادەمنىڭ قولتۇقتا مەشئەل يېقىپ قويۇپ بېلىق تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

قولتۇقتىكىلەر پاشاغان ئىدى. نىلس ئۇلارنىڭ چىراي-تۇرقىغا قاراپ، بىرىنىڭ بېلىقچى، بىرىنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدى.

— قولۋاقنى توختات! — دەپ ۋاقىرىدى دېخان قولۋاق ئىلىپ ياتقان ئارالچاققا يېقىنلاشقاندا. ئۇ دەرھاللا بېلىق تۇتىدىغان ئارىنى سۇغا سانجىدى-دە، يوغان بىر بېلىقنى ئىلىپ ئالدى.

— قارىغىنا! — دېدى ئۇ ئارىدىن بېلىقنى ئېلىۋېتىپ بېلىقچىغا، — يەنە بىر سېمىز بېلىق تۇتۇۋالدىم، ئەمدى بولدى، قايتايلى.

ئەمما ئۇنىڭ ھەمراھى — بېلىقچى پالاق ئۇرماي ئەتراپقا زوقلىنىپ قارىغىنىچە:

— بۈگۈن كۆلنىڭ مەنزىرىسى نېمە دېگەن گۈزەل — ھە! — دېدى.

ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. كۆلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى بۈگۈن ئۆزگىچە گۈزەل ئىدى. كۆل جىمجىت. ئۇششاق، مەيىن دولقۇنلار مەشئەل نۇرىدا خۇددى زەنجىرە ئالتۇندەك پارقىرايتتى. سۈزۈك ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار چىمىرلىشاتتى.

— شۇنداق، شەرقىي يۇرتلاردا ھەقىقەتەن گۈزەل، — دېدى دېخان، — بىراق، ئۇلاردىكى ئەڭ ياخشى نەرسە ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئەمەس.

— ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىسى نېمە؟ — سورىدى بېلىقچى.

— ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىسى بۇ ئۆلكىنىڭ ئىززىتى ۋە شۆھرىتى.

— بەلكىم.

— شۇنداقلا، كىشىلەرگە ئايانكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت ۋە شۆھرىتىنى مەڭگۈ ساقلايدۇ.

— ناتايىندۇر؟

دېھقان بۇ سوئالغا ئۇدۇللا جاۋاب بەرمەي بىر ھېكايە باشلىدى:

شەرقىي يۇتلاندىيەدە كۆپ يىللار ئىلگىرى بىر ئاقىل موماي ياشىغان ئىكەن. ئۇ كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرەلەيدىكەن ۋە بولىدىغان ئىشلارنى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ نامى پۇر كېتىپتىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرسا بىر دېھقان ئايال كىرىپ كەپتۇ.

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىلا؟ — سوراپتۇ دېھقان ئايال.

— يۈكسەك ۋە مۇقەددەس ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن.

— كۆڭلۈمدە بىر ئىش بار ئىدى. سورىسام بولارمىكىن؟

— سوراڭ، نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى سوراڭ.

— شەرقىي يۇتلاندىيەنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان ئايال، — مەن ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمدىن سۆيۈملۈك نەرسە يوق، شۇڭا بۇ سوئالغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالىسام، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق قالمايدۇ.

— كەلگۈسىدە شەرقىي يۇتلاندىيە باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ئالدىدا شۆھرەتكە ئىگە قىلىدىغان نەرسىلەر ھامان بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىلا جېنىم خانىم، — دەپتۇ دېھقان ئايال، — بىراق، مەن بۇنداق مۇمكىنچىلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، پۈتۈنلەي قانائەتلەنگەن بولاتتىم.

— مۇمكىن ئەمەس دېمەكچىمۇ سىز؟ شەرقىي يۇتلاندىيەدە ئاجايىپ كۆركەم ۋە چىرايلىق چىركاۋلار بار، ئۇ شۇلار بىلەن پەخىرلەنمەسمۇ؟

— بەلكىم سۆزىڭىز توغرىدۇر، — دەپتۇ دىلخان ئايال، — ئەمما، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل خاھىشى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كونىلارنىڭ بىردە چوڭ چىركاۋلارنى ياسىغانلىقىمىز ئۈچۈن خەقلەر بىزنى ماختىماي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— بەلكىم سىز ھەقلىقتۇرسىز، — دەپتۇ موماي، — مەن ھازىر كىشىلەرگە ۋادىستېپنا جاڭزىسىدا شىمالىي ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق بىر موناستىرخانا ياساشنى تاپشۇردۇم.

— بۇمۇ ئۆلكەمگە بىر مەڭگۈلۈك شۆھرەت كەلتۈرىدۇ. موناستىرخانىنىڭ شۆھرىتى يوقالسا، قانداق نەرسە ئۆلكەم ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرەر؟

— سىزنى قانائەتلەندۈرمەك قىيىن ئىكەن! — دەپتۇ ئاقىل موماي. — ۋادىستېپنادىكى موناستىرخانىنىڭ شۆھرىتى يوقىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ياندىشىپ بىر ئوردا ياسىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆلكىنىڭ شەرىپىگە ئايلىنىدۇ.

— ئەگەر شۇ ئوردىمۇ بۇزۇلۇپ خانىۋەيران بولسىچۇ؟

— قىزىلۇڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىقتا پولات زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ.

— پولات زاۋۇتىمۇ شۆھرىتىدىن قالسىچۇ؟

— ئاق سۆڭەكلەر كۆل بويىدا ئوردىدەك ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك جايلارنى ياسايدۇ.

— ئەگەر كېيىنكىلەرنىڭ بىردە ئاشۇ جايلاردىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى قالسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دىلخان ئايال تەرسالىق بىلەن.

— سىز ئەندىشە قىلماڭ، — دەپتۇ موماي، — ۋەتىنىڭ كۆلىگە يىراق بولمىغان مېدىنزىي يايلىقىدا بىر ئارشاڭ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئارشاڭ ئۆلكىمىز ئۈچۈن سىز كۈتكەن شان-شەرەپنى كەلتۈرىدۇ.

— كىشىلەر كونىلارنىڭ بىردە بۇ ئارشاڭغا كەلمەي



AltunOq

باشقا ئارشاڭلارغا بارىدىغان بولۇپ قالسىچۇ؟

— سىز بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. ئاكىغىچە، ئوتتارادىن مېڭىچە بولغان ئارىلىقتا بىر كاتتا قىلتاق ياسىلىدۇ.

ئەمما دېھقان ئاتا رازى بولماپتۇ. ئاقىل مومای سەل تېرىكىشكە باشلاپتۇ.

— مۇنارا ۋە خورسىنىۋېلىشلاردا تۈرلۈك زاۋۇتلار قۇرۇلىدۇ!

دېھقان ئاتا يەنە رازى بولماپتۇ. بۇلارنىڭ ۋاقىتلىق نەرسىلەر، دەپتۇ. ئاقىل مومايىنىڭ سەۋرى-تاقىتى تۈگەپتۇ.

— سىز ھەددىدە نەرسە ئۆزگىرىدۇ دېيسىز، — دەپتۇ ئاقىل موماي، — بىر نەرسە باركى، ئۇ ئەبەدىي. ئەبەت ئۆزگەرمەيدۇ. خۇددى سىزدەك ھەممىنىچى، تەرسا، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان دېھقان ئاتىلار ئالەم گۇمران بولۇش ھالىتىگە يەتكەندىمۇ يەنە بۇ ئۆلكىدە مەۋجۇت بولىدۇ.

مومايىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا دېھقان ئاتا خۇشھاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مومايىنى ھېچقالا ئوتقۇپتۇ، قانائەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم، — دەپتۇ موماي.

— شۇنداق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دەپتۇ دېھقان ئاتا، — پادىشا، مۇناستىرخانا قورغانلىرى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە شەھەر ھەيكەللىرى ياسىغان بارلىق نەرسىلەر ساناقلىق يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. پەقەت سىز دېگەندەك، ئىززەت نەپسى كۈچلۈك، زېمىننى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئەبەدىي بېغىشلىغان كىشىلەرلا بۇ ئۆلكىنى گۈللەندۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرالايدۇ.

# تەربىيە كۆرگەن ئادەم

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن تەربىيە كۆرگەن ئادەم مۇنداق تەرىپلىنەتتى:

1. ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان ھەمدە بىر قىسىم ھېسابلارنى ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش؛

2. دۇنيا تارىخى، دۇنيا جۇغراپىيىسى ۋە ئىنسانلار تارىخىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىگەن بولۇش؛

3. پەن - تېخنىكا ئۇقۇملىرىنى بىلىدىغان، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە ۋە ئىنسانىيەت ئىلمى توغرىسىدا ئاساسىي بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇش؛

4. ماتېماتىكا ئاساسى ۋە لوگىكىلىق ئىلمى بىلىمى بولۇشى ھەمدە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش؛

5. بىر چەتئەل تىلىنى ئۆگەنگەن بولۇش، چەتئەل كىتابلىرىنى ئازراق ئوقۇيالايدىغان ۋە چەتئەل تىلىدا ئادەتتىكى سۆزلەرنى سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش؛

6. سۆھبەتلىشىش، دوكلات بېرىش، ماقالە يېزىشتا ئىشلەتكەن جۈملىلىرى مۇۋاپىق بولۇش؛

7. جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدىغان بولۇش؛

8. ھەر خىل ئۇچۇرلارنى توپلاشقا ماھىر بولۇش، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشنى سۆيۈش؛

9. پايدىلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان بولۇش؛

10. بۇرۇنقى نۇقتىئىنەزەر ۋە كۆزقاراشلىرىم خاتا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، ئەگەر كۆزقاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولسا، ئۇنى دەرھال خۇشاللىق بىلەن تۈزىتىشكە ماھىر بولۇش.

1983-يىلى يۇقىرىدىكى نەرسىلەرگە بىنائەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىغا دائىر مەسىلىلەرگە ئىگە بولۇش، ھېسابلاش ماشىنىسىنى بىلىدىغان ھەممەدە ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە تونۇشلۇق بولۇشى كېرەك، دېگەن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى.

قەھرىمان ئىبراھىم

## رەزىنكە ئاياغنى قانداق ئاسراش كېرەك؟

رەزىنكە ئاياغلار كاۋچۇكتىن ياسالغان. ئۇلارنى قىزىق جايغا قويماڭ؛ قىزىق ئوچاقنىڭ يېنىغا، تومۇز ئىسسىقلىرىدا ئاپتاپقا قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىشقا دىققەت قىلمىغاندا، ئاياق چۈرۈكلىشىپ تېزلا يېرىلىپ كېتىدۇ. ياكى يېپىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، رەزىنكە ئاياغنى ئېرىنمەي پات-پات يۇيۇپ، شامالدۇق جايغا قويۇپ قۇرۇتۇپ كىيىش كېرەك.

# مۇزىكىنىڭ كارامەتلىرى

## سۇ ئاستى مۇزىكا يىغىنى

كىچىك دوستلار، سىلەر ئاتا-ئاناڭلار بىلەن بىرلىكتە تىياتىرخانىلارغا، ئاممىۋى باغچىلارغا ياكى مەيدانلارغا بېرىپ ئوچۇقچىلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا يىغىلىشىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. لېكىن سىلەر ھازىر يەنە بىر خىل «سۇ ئاستى مۇزىكا يىغىنى» بارلىقىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئىتالىيىدە مۇشۇنداق ئاجايىپ سۇ ئاستى مۇزىكا يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ خىل مۇزىكا يىغىنى سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىنى كىيىپ، سۇ ئىچىدە لەيلەپ، كۆلچەك مەركىزىدىكى سۇلياۋدىن ياسالغان غايەت زور بىر رەڭلىك شارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشىدۇ. يېقىملىق مۇزىكىلار ئەنە شۇ رەڭلىك شاردىن تارقىلىدۇ. سۇ ئاستىدا ئاڭلىغان مۇزىكا بىلەن ئادەتتە قۇلاق ئارقىلىق ئاڭلىغان مۇزىكا بىر-بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئادەتتە بىزنىڭ ئاۋاز ئاڭلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان قۇلاقنىڭ سۇ ئاستىدا قىلچە رولى بولمايدۇ. ئاۋاز دولقۇنى سۇ ئاستىدا باش سۆڭىكى ئارقىلىق بىۋاستە چوڭ مېڭىگە كىرىدۇ. بۇ خۇددى ھەر بىر ئاڭلىغۇچىنىڭ مېڭىسىگە بىردىن رادىئو كاناي ئورنىتىپ قويغاندەك ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئاستىدا ئاڭلىغان مۇزىكا يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

## مۇزىكىلىق يول بەلگىسى

ياپونىيەدە ئەمالارنىڭ يولنى بىخەتەر كېسىپ ئۆتۈشىگە قولايلىق بولغان بىر خىل «مۇزىكىلىق يول بەلگىسى» كەشىپ قىلىندى. ئەمالار تۆت كوچا ئېغىزىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، يولنىڭ بىر چېتىدىكى سىتولبىغا ئورنىتىلغان سىگنال كونۇپكىسىنى بېسىش بىلەن قىزىل چىراق يېنىپ، بىر خىل جاراڭلىق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. يولدىكى ئاپتوموبىللار بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال توختايدۇ. ئەمالار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە يولنى بىخارامان كېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## مۇزىكىلىق ئورۇندۇق

ياپونىيەدىكى بىر دوختۇرخانا بىر خىل «مۇزىكىلىق ئورۇندۇق» لايىھەلەپ چىقىپ، ئۇخلىيالماسلىق كېسىلى ۋە نېرۋا خاراكتېرلىق باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلارنى داۋالىغان. بىمارلار بۇ خىل ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، يۆقولىرىدا ئۆتكۈزگۈچ سىم ئۇلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا شىرىلداپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ۋە ھەر خىل خەلق ناخشىلىرى، قەدىمقى مۇزىكىلار ئاڭلىتىلىدۇ. قىسقىسى. كېسەل كىشى نېمىنى ئاڭلاشنى خالىسا، شۇ ئۆزلۈكىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنداق داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان.



AltunOq

## مۇزىكىلىق پەلەي

شىكاگولىق بىر ئالىم بىر خىل «مۇزىكىلىق پەلەي»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ خىل پەلەي ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە مېتال سىم ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بارماق ئۇچى بىلەن قاتتىق جىسىملارنى چەككەندە، پەلەي ئۇچىدىكى بېسىم ۋېكلىيۇچاتېلى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، پەلەي ئىچىدىكى مىكرو بىرىكمىلىق مۇزىكا ئەسۋابىغا سىگنال يەتكۈزىدۇ. ئاندىن قول بىغىشىغا ئورنىتىلغان ئاۋاز چوڭايتقۇچتىن مۇزىكا ئاڭلىنىدۇ. بۇ خىل «مۇزىكىلىق پەلەي»نىڭ ھەر-بىر بارمىقى بىر بىرىگە ئوخشىمىغان 4 خىل ئاۋاز چىقىرىدۇ. نەتىجىدە بارماقلارنىڭ ئوتتۇرىغا تېگىشىنىڭ بوش-قاتتىقلىقى ئوخشاش بولمىغاچقا، 10 بارماقنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكى ئوخشىمايدىغان 40 خىل ئاۋاز چىقىدۇ. بۇنداق «مۇزىكىلىق پەلەي» كىيگەن كىشى ئۆزىنى خۇددى بىر كىچىك رويال چېلىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىدۇ.

## مۇزىكىلىق تېلېفون

كانادادا بىر خىل يېڭى «مۇزىكىلىق تېلېفون» تەتقىق قىلىپ ياسالدى. تېلېفون ئۇلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭدىن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاۋازلىق ئاددى ۋە يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان تېلېفون ئاۋازىنىڭ ئورنىنى ئالدى. تېلېفون ئالغۇچى تورۇبكىنى قولىغا ئېلىشى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسى ئۇلىنىپ، مۇ-

زىكىبۇ ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. بۇ خىل مۇزىكىلىق تېلېفون ئادەتتىكى تېلېفونغا ئەينى بىر ئاۋاز تارقاتقۇچ ئورنىتىلىش بىلەن ياسالغان. ئۇنىڭغا ھەر كىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن مەشھۇر مۇزىكا لېنتىلىرىنى ئورنىتىۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىر بۇ خىل مۇزىكىلىق تېلېفون ئەنگلىيىدىكى قوڭغۇراقلىق تېلېفوننىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا.

## مۇزىكىلىق ئىشىك قوڭغۇرىقى

گۇاڭجۇ دوستلۇق رادىيو-تېلېگراف سايمانلىرى زاۋۇتىدىكى ئىشچى تاغىلار بىر خىل ئېلېكترونلۇق «مۇزىكىلىق ئىشىك قوڭغۇرىقى» نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ خىل «مۇزىكىلىق ئىشىك قوڭغۇرىقى»نى تام، ئۈستەل ۋە كارۋات باشلىرىغا ئورنىتىپ قويۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭغا كىچىك مۇراۋۇق باتارېيىدىن 2 دانە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى ئاستا باسسىڭىزلا، ئۇنىڭدىن يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىنىدۇ. گۇاڭجۇدىكى نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر بۇ خىل «مۇزىكىلىق ئىشىك قوڭغۇرىقى» نى دەرۋازىلىرىغا ئورنىتىۋالدى. بەزى ئائىلە باشلىقلىرى ئۇنى بالىلىرى ياتىدىغان كارۋاتلارنىڭ بېشىغا ئورنىتىپ قويغان بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇش ۋاقتى بولغاندا كۇنۇپكىنى ئاستا باسسىلا، كىچىك دوستلار يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ، مەكتەپلىرىگە ئاتلىنالايدۇ.

ئابدۇرېھىم قاسىم

ھەرقانداق ئىش سەۋرچانلىق بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق كىشىنى پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.

## بۇرنىڭىز قاناپ توختىمىغاندا

بۇرۇن قاناش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل. ئۆسمۈرلەردە بۇرۇندىن قان ئېقىش ئەھۋالى كۆپ ھاللاردا بۇرۇن تۈۋرۈكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇچرايدۇ. بۇنى بۇرۇن ئىچىدىكى ئىنچىكە ۋە زىچ قان تومۇرلار پەيدا قىلىدۇ. بۇ تومۇرلار گۆش ئارىسىغا چوڭقۇر جايلاشمىغانلىقتىن ئوڭايلا قاناپ كېتىدۇ.

1 بۇرۇن قاناشنى توختىتىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى مۇنداق:
1. تۈز ئولتۇرۇش، باشنى سەل ئېڭىشىپ، ئېغىزدا نەپەس ئېلىش؛ بۇرۇننىڭ ئىككى تەرىپىنى ئاستى بىلەن قوشۇپ سىقىپ تۇرۇش. 2. پارچە داكا دورا پاختا ياكى ماغزاپ ۋالىتنى (سۇلياۋ) بىلەن بۇرۇن تۆشۈكىنى ئېتىپ تۇرۇش، ئېغىزغا چىققان قاننى يۇتۇۋېلىپ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش. 3. لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ پىشانىگە، گەدەنگە ۋە بۇرۇن ئەتراپىغا يېقىپ، قان تومۇرلارنى سوغۇق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تارايتىپ قان توختىتىش. شۇنىڭدەك تەكىتلەش لازىمكى، بۇرۇن قاناش ئادەتتە ئايلىنىپ قالسا دەرھال دوختۇرغا كۆرسىتىش لازىم.

تۇمەرجان مۇھەممەت

## بوينىڭىز ئاغرىپ قالسا

بەزى كۈنلىرى ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا، بوينىڭىز ئاغرىپ، ئىككى يېنىڭىزغا قارىيالماي قالىسىز. بۇ، باشقا قويغان ياستۇقنىڭ مۇۋاپىق قويۇلماسلىقى، بويۇن، مۈرە قىسمىغا سوغاق تېگىش، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتەرگەندە، باشنى تېز بۇراش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بېشىڭىزنى ئوڭ-سول ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرەلمەيسىز. بۇنداق چاغدا بويۇن، مۈرە قىسمىنى ئىسسىق كومپرېسلاش، ئۇۋۇلاش، لوڭقا قويۇش كېرەك. بىرقانچە قېتىم شۇنداق قىلسىڭىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

غۇلام ئوبۇلقاسىم

## «قارا بېسىش» قانداق ئىش؟

بەزى كېچىلىرى قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىسىز. بۇ خىل ئەھۋال ئۇخلىغاندا يېتىشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: ھەددىدىن زىيادە تاماق يەپ، سول تەرەپنى بېسىپ يېتىش، قولنى سول كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ يۈرەك قىسمىنى بېسىۋېلىش، يوتقاننىڭ زىيادە ئېغىر بولۇشى، باشنى چۈمكەپ دۈم يېتىۋېلىش ياكى ئۇخلىغاندا ئۆيدىكى ھاۋانىڭ سوغاق بولۇشى ۋە روھىي جەھەتتىكى ھەر خىل ئامىللار مېڭىگە تەسىر قىلىپ، ئادەم قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ كېتىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالنى قارا بېسىش دەيمىز. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇخلىغاندا مۇۋاپىق يېتىش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن بەك تويۇپ تاماق يېمەسلىك، ئۆي ھاۋاسى مۇۋاپىق بولۇش، ئۆڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىش، بەك قېلىن چۈمكىنىپ ياتماسلىق كېرەك.

## باللارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان يامان ئادەتلەر

1. بېشىنى چۈمكىۋېلىپ ئۇخلاش؛
2. ھورۇنلۇق قىلىپ تاماقمۇ يېمەي ئۇخلاش؛
3. ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىشىنى چوتكىلىماسلىق ھەم سوغاق نەرسىلەرنى يېيىش؛
4. تاماق ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى تاللاش؛
5. تاماقتىن بۇرۇن قولنى يۇماسلىق ھەم پاسكىنا قولى بىلەن يېمەكلىكلەرنى تۇتۇپ يېيىش؛
6. دولا تۈكۈرۈش ۋە تېزلا قۇسۇش؛
7. قولنى چىشلەپ يۈرۈش؛
8. داۋاملىق قولاق ۋە بۇرۇن كوچىلاش؛
9. تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە قەغەز ئۆلتۈرۈش؛
10. مونچىغا چۈشمەسلىك.

مانا بۇلار باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە تەن سالامەتلىكىگە زىيان سالىدىغان يامان ئادەتلەردۇر.

## پۇت ـ قول نېمىشقا يېرىلىدۇ؟

بەزى بالىلارنىڭ پۇت ـ قولى ئانچە تەرلىمەيدۇ، ياكى پەقەت تەرلىمەيدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ پۇت ـ قولى قىش كۈنى ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ. دائىم توپا، ھاك، سېمونت ۋە بېنزىن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوينايدىغان بالىلارنىڭ پۇت ـ قولى ئاسان يېرىلىدۇ. پۇت ـ قول بەك يېرىلىپ كەتسە ئاغرىيدۇ، ھەتتا يىرىڭلاپ كېتىدۇ.

ئەگەر پۇت ـ قولىڭىز يېرىلىپ كەتكەن بولسا، ھەر ئاخشىمى ئىسسىق سۇدا پۇت ـ قولىڭىزنى يۇيۇپ، ئاندىن ماي سۈرتۈپ بېرىڭ. ئەگەر بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاندا دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

## تاماق يېيىشنىڭ قائىدىسى

1. تاماقنى بەلگىلىك ۋاقىتتا، بەلگىلىك مىقداردا يېيىش كېرەك. ئادەتتە بىر كۈندە ئۈچ ۋاقلىق تاماق يېيىلىدۇ. بىراق ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئەتىگەنلىك تاماق ئوبدانراق، چۈشلۈك تاماق توقراق، كەچلىك تاماق ئازراق بولغىنى ياخشى.

2. تاماقنى يۇمشاق چايناپ، ئاستا يۇتۇش كېرەك. سۇيۇق تاماقلارنى يېگەندە ئىسسىق ئىچمەسلىك، قويۇق ـ سۇيۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇتماسلىق لازىم. يۇمشاق چايناپ ئاستا

يۇتمىسا ھەزىم بولۇشقا تەسىر يېتىدۇ.

3. تاماق تاللىماسلىق، نېمە بولسا شۇنى يېيىش كېرەك. تاماقنىڭ تۈرى ھەر خىل بولۇشى، ئوزۇقلۇق تەركىۋى بەدەننىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشى لازىم. بۇ، بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. بىراق، قان بېسىمى، جىگەر ياللۇغى، شېكەر سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ بەزى پەرھىزلەرنى قىلسا بولىدۇ.

4. تاماقنى ھەددىدىن ئوشۇق ئىتتىك يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك ھەمدە ھەددىدىن ئوشۇق كۆپ يېمەسلىك لازىم. تاماقنى كۆپ يېۋەتسە، قاننىڭ كۆپ قىسمى ئاشقازانغا يىغىلىپ قېلىپ، يۈرەك، مېڭە قاتارلىق مۇھىم ئورگانلارغا مۇناسىپ ھالدا قان يېتىشمەيدۇ، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يۈرەك تاجىسىمان كېسەللىكى بار كىشىلەردە يۈرەك سانچىغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. تاماقتىن بىر سائەت ئىلگىرى ئازراق ئۇسسۇزلۇق سۇ ئىچكەن ياخشى. بۇنىڭ ئىشتىھانى ئېچىشقا، تاماقنىڭ ئوبدان ھەزىم بولۇشىغا ياردىمى بار. تاماق يېگەن ۋاقىتتا ئاز-تولا ئاش سۈيى ياكى چاي ئىچىش كېرەك.

## پارچە

تۇرغۇن مەمتىمىن

— يېزىپ بەرگەن، — دېدى بوۋاي سالام خەت،
مېغىزىنى يېزىپ يازدىم بىرلا بەت.
دېدى بوۋاي شۇئان مەندىن سۆيۈنۈپ:
— بىلىم بەرگەن ئۇستازىڭغا مىڭ رەھمەت!

# زېھنىڭىزنى سىناپ كۆرۈڭ

قەغەزگە تۆۋەندىكى سانلارنى يېزىڭ: بىرىنچى قۇردا ئالتە خانىلىق سان، ئىككىنچى قۇردا يەتتە خانىلىق سان، ئۈچىنچى قۇردا سەككىز خانىلىق سان ... توققۇزىنچى قۇردا ئون تۆت خانىلىق سان بولسۇن. سانلارنى ئىختىيارى تاللىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن:

318752

4209153

96632614

637452021

1058694390

51746857719

146872305146

6972843517668

75680231243973

ئالدى بىلەن بىرىنچى قۇرغا قاراڭ، ئاندىن قەغەزنى يېپىپ قويۇپ يېزىڭ، مۇشۇ ئۇسۇلدا بارلىق سانلارنى يېزىپ كۆرۈڭ. توغرا يازالامسىز-يوق؟ زېھنىڭىزنى سىناپ كۆرۈڭ.

## ى- ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى

«رەھمەت ئېيتىش»: «بۇ ھارۋىنى بىر ئىشەك دۆڭگە تارتىپ چىقالمايتتى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان يولۇچى «مەن ئەمدى ئىككىنچى بىر ئىشەك بولۇپ قالدىمۇ؟» دەپ ئويلاپ خاپا بولغان.

«تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولامدۇ؟»: تۆمۈر بىلەن ياغاچنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولىدۇ. تۆمۈرنىڭ ئىسسىقلىقنى تارقىتىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. قىش پەسلىدە قولىمىزنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆمۈرنىڭكىدىن ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بىز تۆمۈرنى تۇتقاندا، تۆمۈر قولىمىزنىڭ ئىسسىقلىقىنى ناھايىتى تېزلا تارقىتىۋېتىدۇ-دە، قولىمىزنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېزدىن تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزگە تۆمۈر بەك سوغاقتەك تۇيۇلىدۇ. ياغاچنىڭ ئىسسىقلىقنى تارقىتىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. بىز ئۇنى تۇتقاندا، قولىمىزنىڭ ئىسسىقلىقىنى تېز تارقىتىۋېتەلمەيدۇ-دە، قولىمىزنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېز تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ياغاچ تۆمۈردىن ئىسسىقتەك تۇيۇلىدۇ.

### قۇشلار قىشتا توڭلاپ ئۆلەمدۇ؟

قىش كۈنلىرى، كىشىلەر دالىدا توڭلاپ قالغان قۇشلارنى كۆرۈپ: «بۇ جانىۋار توڭلاپ قاپتۇ-دە» دەپ ئويلايدۇ. ئەسلىدە قۇشلار ئۆلگەندىن كېيىن توڭلاپ قالىدۇ. قۇشلار قىش كۈنلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۇرىدۇ، لېكىن سوغاقتىن توڭلاپ ئۆلمەيدۇ.

تەھرىر ئىلاۋىسى: ساۋاقداشلار، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىسىم ساۋاقداشلار دەرسلىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەندىن سىرت «تەرجىمە ھەۋەسكارلىرى كۇرۇژوكى» تۈزگەن. بۇ كۇرۇژوك ساۋاقداشلارنىڭ چەت ئەل تىلى دەرسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشىدە زور رول ئوينىغان ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغىغان. بۇ كۇرۇژوكنىڭ ھەۋەسكارلىرى ھازىر كىچىك تىپتىكى ھېكايە ۋە داستانلارنى تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. بىز بۇ سانىمىزدا ئۇلارنىڭ ئىككى پارچە تەرجىمە ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇق. باشقا مەكتەپلەردىكى ساۋاقداشلارمۇ ئۆز غايىلىرى بويىچە تۈرلۈك كۇرۇژوكلارنى قۇرۇپ، كۇرۇژوكتا ياخشى باھالانغان ئەسەرلىرىنى ژورنىلىمىزغا ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تۈلكە بىلەن ياۋا غاز

ياۋا غاز بىلەن تۈلكە دوست ئىكەن. ئۇلار دائىم بىللە كۈن كەچۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياۋا غاز بالا چىقىرىپتۇ. ئۇ بالىلىرىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. شۇ كۈنلەردە تۈلكىنىڭ كۆڭلىدە ياۋا غازنىڭ بالىسىنى يېيىشتەك يامان نىيەت تۇغۇلۇپ پەيت كۈتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈلكە

بىلەن ياۋا غاز ئوزۇق ئىزلەپ يىللا سەپەرگە چىقىپتۇ. ياۋا غاز بىر كۆل بويىغا بېرىپ، ئوزۇق ئىزلەپ يۈرۈپتۇ. ئەمما تۆلكە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياۋا غازنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ سېمىز بالىسىدىن بىرنى يەۋاپتۇ.

ياۋا غاز ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆلكە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ:

— بۇ نەسلىڭنى قارا، مەن قايتىپ كېلىپ قارىسام سىنىڭ بىر بالاڭ يوق تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ياۋا غاز قايغۇرۇپ بىر كېچىنى ھەسرەتلىك يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ياۋا غاز بىلەن تۆلكە يەنىلا بىللە ئوزۇق ئىزدىگىلى چىقىپتۇ. تۆلكە ئۇ كۈنمۇ غازغا كۆرۈنمەي كېلىپ ياۋا غازنىڭ يەنە بىر بالىسىنى يەۋاپتۇ. ئاخشىمى ياۋا غاز ئۇۋىسىغا كېلىپ قاراپ، يەنە بىر بالىسىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ. تۆلكە مۇغەمبەر كۆز يېشى قىلىپ:

— مېنىڭچە بالاڭنى چوقۇم كۆل بويىدىكى پاقا يەۋالدى. مەن پاقىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرگەن ئىدىم، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ياۋا غاز كۆل بويىغا بېرىپ پاقىنى ئىزلەپ يۈرۈپتۇ. پاقىنى تاپالماي ھېرىپ-چارچاپ قايتىپ كېلىپ يەنە قارىسا، ئەڭ ئاخىرقى بىر بالىسىمۇ يوق تۇرغۇدەك ...

ئۇ ھەسرەت چەككەن ھالدا تۆلكىدىن سوراپتۇ:

— بۇ زادى قانداق ئىش؟

تۆلكە ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا:

— سېنىڭ ئۇۋاڭغا ئوت كېتىپ ئاخىرقى بىر

بالاڭنىمۇ كۆرۈپ كەتتىمغۇ، تالڭ — دەپتۇ. لېكىن باۋا غاز با-لىرنى كەم يىگەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەتە ئۇچۇش ئى-شتىدە تىت-تىت بولۇپتۇ. ئەمما تۈلكە بولسا تېخىمۇ ئەدەپ، باۋا غازنى يېيىش قەستىگە چۈشۈپتۇ. باۋا غازنىڭ ئەتىسىگە بىر ئۇۋى كەپتۇ-دە، تۈلكىگە مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم تۈلكە، بۇ يەرنىڭ تورغۇدەك ھېچنېمىسى قالمىدى. بىز كۆلنىڭ ئۇ يېقىغا ئۇچۇپ كېتەيلى، ئۇ ياقتا يەيدىغان نەرسىلەر كۆپ، — دەپتۇ.

— مېنىڭ قانىتىم بولمىسا قانداق ئۆتىمەن؟ — دەپتۇ تۈلكە.

— ھېچقەمسى يوق، مەن سېنى ئۆتكۈزۈپ قوييمەن. تۈلكە ماقۇل بولۇپتۇ. باۋا غاز تۈلكىنى دۈمبىسىگە ئېلىپ ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ تۈلكىدىن:

— سەن يەرنى كۆرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرەلەيمەن، مېنىڭ مۇشتۇمچىلىك ئىكەن، — دەپتۇ تۈلكە. باۋا غاز تېخىمۇ يۇقۇرىغا قاراپ ئۇچقاندىن كېيىن:

— ئەمدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر تەڭگىچىلىك كۆرۈنىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

باۋا غاز ياخشى، دەپلا تۈلكىنى ئاسماندىن يەرگە تاش-لىۋېتىپتۇ. تۈلكە يەرگە چۈشۈپ كۇكۇم-تالقان بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۆتاجەرە ياسىن تەرجىمىسى

(تۈلۈقسىز 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# ئەينەك ۋە پەنەر

ئىدىسوننىڭ باللىق چاغلىرى ئىدى. بىر كۈنى كەچتە ئانىسىنىڭ قوسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، دادىسى دوختۇر چاقىرىپ كەلدى.

دوختۇر ئانىسىنى تەكشۈرۈپ جىددى خاراكتېرلىق سوقۇر ئۈچەي ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ چاغدا ئېلېكتىر چىرىغى بولمىغانلىقتىن، ھەرقانداق ئوپېراتسىيە كۈندۈزدە قىلىناتتى. كېچىسى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئالاھىدە چوڭ ئىشلەنگەن بىر نەچچە پەنەر يېقىشقا توغرا كېلەتتى. ئىدىسوننىڭ ئۆيىدە پەقەت بىرنەچچىلا كىچىك پەنەر چىراق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پەنەرىنىڭ نۇرى خىرە بولغاچقا قانداقمۇ ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولسۇن؟

ئىدىسوننىڭ ئانىسىنىڭ قوسىقى قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقتىن چىدىيالمايۋاتاتتى. دادىسى غەم ۋە ئەلەم ئىچىدە بېشىنى چاڭگاللاپ بىر چەتتە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. دوختۇر تىت-تىت بولۇپ بىر جايدا تۇرالمايۋاتاتتى. كىچىك ئىدىسون ئانىسىنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى ۋە كۆڭلىدە: «ئەگەر ئۆيىمىزدە چىراق كۆپ بولسا دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلالايتتى-دە!...» دەپ ئويلايتتى. لېكىن بۇ كېچىدە نەگىمۇ بېرىپ، ئوپېراتسىيەگە يېتەرلىك چىراق تاپقىلى بولسۇن؟... ئۇ تۇيۇقسىز كۈندۈزى دوستلىرى بىلەن ئوينىغان چېغىدا سۇنۇپ كەتكەن ئەينەك پارچىسى كۈن نۇرىنىڭ يورۇنۇشى بىلەن تامدا تۆردىن يورۇق نۇرلارنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، دوختۇرغا: «ئەپەندىم، مەن ئامال تاپتىم، سىز دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىشقا تەييارلىنىڭ» دەپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىق-



قىس كەتتى.

ئەدىسوننىڭ بىر دوستى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئۆي سايمانلىرىنى ساتاتتى. ئەدىسون ئۇنىڭ ئۆيىدىن يىرغان ئۆت ئەينەكنى ئېلىپ كەلدى.

ئەدىسون ئەينەكلەرنى ئاپىسىنىڭ كارىۋىتىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قويۇپ، ھەر بىر ئەينەكنىڭ ئالدىغا بىر دانە چىراق قويدى. ئۆي شۇ ھامان قاتتىق يورۇپ كەتتى-دە، دوختۇر ئوپېراتسىيىنى ئوبدانلا ئىشلىيەلىدى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن دوختۇر ئەدىسوننى ئۆتكۈر بالا دەپ ماختاپ كەتتى.

ئەدىسون چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ ئاغرىقتىكى ئازاۋىنى ئەسلەپ، ھەم يورۇق، ھەم شامالغا ئۆچمەيدىغان چىراق ئىجات قىلىشقا بەل باغلىدى.

كۆپ قېتىملىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق، ئەدىسون ئاخىرى ئېلېكتىر چىرىقىنى ئىجات قىلىپ، ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق بېغىشلىدى.

ئەسقەر ئەخمەت تەرجىمىسى

(تولۇقسىز 3-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# ئويۇنچۇق ئايروپىلان

بىر قېرىنداش ئايروپىلان جازىسى قىلىنىدۇ. سەل قېلىنراق تەغەردىن ئايروپىلان قانىتى ۋە قۇيرۇغى ياسى- لىدۇ. قانات ۋە قۇيرۇق كونۇپكا ۋە يىڭنە مىخ بىلەن ئايروپىلان جازىسىغا ئورنىتىلىدۇ، ئاندىن ئايروپىلاننىڭ باش تەرىپىگە يىڭنە مىخ بىلەن ئىلمەك ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رەزىنكە ۋە ئىككى تال ئايلانما ئىلمەك تەييارلىنىدۇ، (رەسىمدىكىدەك) مودېل پۈتكەندىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ باش تەرىپىدىكى ئىلمەكنى رەزىنكىگە ئېلىپ رەگمەتكىگە ئوخشاش ئاتقىلى بولىدۇ.




1. ئىلمەك
2. كونۇپكا
3. قېرىنداش
4. يىڭنە مىخ
5. ئايلانما ئىلمەك
6. رەزىنكە

## كىچىك ئاپتوموبىل

مېنىڭ بۇ كىچىك ئاپتوموبىلىم سىقىلغان ھاۋانىڭ ئېتىلىپ چىققاندا ئەكس تەسىر كۈچ پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قائىدىگە ئاساسەن ياسالغان. بىر مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى پولات سىم ئېگىلىپ ماشىنا جازىسى قىلىنغان. ماشىنىنىڭ ئۈچ چاقى كۆپىنە سۇلياۋدىن، چاق ئوقى ماي قەلەمنىڭ سىياداندىن ياسالغان. ئۈچ بوغۇملۇق بىر شار كونا ماي قەلەمنىڭ قوسقىغا مەھكەم باغلىنىپ، ماشىنا جازىسىغا ئورنىتىلغان. شارغا پۈدەپ ھاۋا قاچىلانغاندىن كېيىن، ماشىنا يەتتە سېكۇنت ئىچىدە 502 سانتىمېتىر يىراقلىققا بارالايدۇ. ماشىنا ئېغىرلىقى ئون ئىككى گىرام كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئالتە پۇڭلا خەجلىنىدۇ.



# بۇ ئون مىنۇتتا نېمە قىلىش لازىم؟

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ قىزىقارلىق لېكسىيىسىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى، بىراق ئەخمەت ئويان - بويان قىمىرلاپ ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. كۆز - مەڭزىلەر، ئۇ يەنىچىرىدىن سىرتقا تىكىلىپ، ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالدا دەرسنىڭ چۈشكىچە تاقىتى تاق بولۇۋاتاتتى ئىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ مېڭىسىگە رادى كىرمىدى. نېمىشقا بۇنداق بولىدىغاندۇ؟
ئەسلىدە ئۇنىڭ تەرىتى قىستاپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ تەنەپپۇستە نېمە قىلغاندۇ؟ ئويناپتۇ. ئويۇنغاندا تەرەت قىستاشنىڭ يۇنچىۋالا بىئاراملىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىغان - دە! ھازىر بولسا ئوقۇتقۇچىغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ.
تەنەپپۇستە ئويۇنغىلا بېرىلماي پاكىز بىر ئازمۇ ھەرىكەت قىلىشلىق پايدىسىز.
ئەخمەت تەنەپپۇسكە چىققاندىمۇ تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. باشقىلار ئۇنى ئۆگىنىشتە مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ، دەيتتى. لېكىن، 2 -، 3 - سائەتلىك دەرستە ئۇ چۈشكۈنلىشىپ زېھنى چېچىلىپ كېتەتتى، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرىمۇ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئەخمەتنىڭ سەۋەنلىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ياخشى ئارام ئالمىغانلىقىدا. دەرس ئارىلىقىدىكى بۇ ئون مىنۇتتا ئارام ئېلىپ ھەرىكەت قىلىشتىكى مەقسەت، چوڭ مېڭىنى دەم ئالدۇرۇپ، كېلەر قېتىملىق دەرسنى ياخشى ئاڭلاشقا ھازىرلاشتۇر.

# ھېچنىمىسى يوقمۇ؟

تاپشۇرۇق دەپتەرلەر تارقىتىلدى، پەرھات دەپتىرىنى ئېچىپ قاراپ، مۇئەللىم قويۇپ قويغان «×» بەلگىسىدىن ئىككىنى كۆردى: «يەنە ئىككى مەسىلىنى خاتا ئىشلەپتىمەن -دە!»

ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئانىسى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىپ:

— يەنە خاتا ئىشلەپسەنغۇ؟ — دەپ تەنقىت قىلدى.

پەرھات قايىل بولمىغان ھالدا:

— بۇ، ئىشلەشنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، — دېدى.

— بىلسەڭ، نېمىشقا يەنە خاتا ئىشلىدىڭ؟

— دىققەتسىزلىكىمدىن بىر مەسىلىدىكى 7 نى 1 دەپ يېزىپتىمەن، يەنە بىر مەسىلىدىكى 0 نى تاشلاپ قويۇپتىمەن، شۇڭا نەتىجىسى خاتا چىقىپتۇ.

— ئەندىزە، بەك بىپەرۋا!

پەرھات ئاغزىدا «ھە» دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئانچە قايىل بولمىدى، ئۇ «بىر سانىنى خاتا كۆرۈپ قالسام، بىر سانىنى چۈشۈرۈپ قويسام نېمە كارايىتى بار؟ ئىمتىھان ۋاقتىدا ئەگەر دىققەت قىلسام بولمامدىكەن؟» دەپ ئويلىدى، لېكىن، ئۇ كېيىنكى قېتىمقى تاپشۇرۇقنىمۇ، ئىمتىھان سوئاللىرىنىمۇ يەنە خاتا ئىشلەپ قويدى.

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئاساسىي سەۋەب پەرھاتنىڭ ئەستايىدىللىقنى ئادەت قىلىپ يېتىلدۈرمىگەنلىكىدە. بىپەرۋالىقنى ئادەتلىنىپ قالغاندا، خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقىتتىمۇ چوڭ چاتاق چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئەستايىدىل بولمىغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

كىچىك دوستۇم، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە، ئەستايىدىل بولۇڭ، يازغاندا ئەستايىدىل بولۇڭ. ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن كۆپرەك تەكشۈرۈڭ!

# تاپشۇرۇق دەپتەر تارقىتىلغاندىن كېيىن

تاپشۇرۇق دەپتەر تارقىتىلغاندىن كېيىن، سىز ئاۋۋال نېمىنى كۆرىسىز؟ «نومۇرنى كۆرىمەن؟» دەپ جاۋاپ بېرىشىڭىز مۇمكىن، بۇنىڭدا ھېچقانداق خاتالىق يوق.

— نومۇرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىنچۇ؟

— تاپشۇرۇق دەپتەرنى سومكامغا سېلىپ قويىمەن، مانا بۇنىسى قاملاشمىغان ئىش.

ھەر قېتىم تاپشۇرۇق دەپتەرنى قولغا ئالغاندا، ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، مۇئەللىم قانداق ئۆزگەرتتى، ئۆزىڭىز قانداق قىلغان، دېگەندەك ياخشى ئىشلىيەلمىگەن يەرلەر بارمۇ-يوق، ئوقۇپ بېقىشىڭىز لازىم.

خاتا قىلىپتىمەن، ئەمدى كۆرگىنىمنىڭ پايدىسى يوق، دەپ قارىماسلىقىڭىز لازىم. بىزنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىمىز — ھەرگىز نومۇر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مۇئەللىم ئۆتكەن دەرسلەرنى قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكىمىزنى، ئىشلىتىشنى بىلىدىغان-بىلمەيدىغانلىقىمىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، تاپشۇرۇق دەپتەردە خاتالىقنى كۆرۈپ قالساق، كىتاپتا قانداق يېزىلغان؟ ئوقۇتقۇچى قانداق دېگەن؟ نېمىشقا خاتا قىلىپ قويدۇم؟ قانداق ئىشلىسە توغرا بولىدىكەن؟ دېگەنلەرنى ئويلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىساق، كېيىنكى تاپشۇرۇقنى ياخشىراق ئىشلىيەلەيمىز.

يۇقىرى نومۇر ئالغاندا، تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل كۆرمەسلىكمۇ بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئادەمدە ھامان يېتەرسىزلىك بولۇپ تۇرىدۇ، يۇقىرى نومۇر ئالغانلىق، تولۇق ئىدىل بولغانلىق ئەمەس. گەرچە سىز توغرا ئىشلىگەن، ئۆزگەرتىلمىگەن بولسىمۇ، ھامان بەزىبىر نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايسىز. تېخىمۇ تىرىشسىڭىز، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئۆگەنگىلى بولامدۇ ئەمەسمۇ؟

# ئېقىش ۋە كېڭىيىش

بىر رەزىنكە شارغا سەل بوشراق ھاۋا تىقىشتۇرۇپ، ئاغزىنى يىپ بىلەن چىڭ باغلاپ، مەشنىڭ قېشىغا قويۇپ قويۇڭ. بۇ چاغدا سىز شارنىڭ ئاستا-ئاستا كۆپۈپ يوغىناۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئېتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. مانا بۇ، شار ئىچىدىكى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقتىن كۆپكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

بىر كورۇشكىغا ئاغزى بىلەن تەڭ سۇ تولدۇرۇپ مەش ئۈستىگە قويۇڭ. سىز سۇ قاينىماي تۇرۇپلا، سۇنىڭ كورۇشكا ئاغزىدىن ئېقىپ چىققانلىقىنى كۆرىسىز. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، سۇ ئىسسىقلىقتا يەنىلا كېڭىيىدۇ.

قاتتىق جىسىم ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىدۇ. ئىككى تال باغاچ تاياقچە تېپىڭ، بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، يەنە بىرىنىڭ 18 سانتىمېتىر بولسۇن، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بىر غېرىچ بولسۇن، ئۇزۇن تاياقچىنىڭ ئۈستىگە بىر تال مىس پايراقچىنى مىقلاڭ. پايراقچىغا بىر تال تۆمۈر سىمنى ئۇلاپ، پىرۇزكىنى لامپۇچكىغا چېتىڭ. يەنە بىر تال سىمدىن پايدىلىنىپ، لامپۇچكا بىلەن باتارېينى تۇتاشتۇرۇڭ. بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى تۈز مىس سىمنى تېپىپ، بىر ئۇچىنى قىسقا تاياقچىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىپ، بىر تال سىم بىلەن باتارېيىگە تۇتاشتۇرۇڭ. تۈز مىس سىمنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئۇزۇن تاياقچىدىكى مىس پايراقچە ئۈستىگە يېقىنلاشتۇرۇڭ (ئازراق بوشلۇق قالسۇن). ئاندىن شامنى ياندۇرۇپ تۈز مىس سىمنى قىزىتىڭ. تۈز مىس سىم ئىسسىقلىقتا ئۇچراپ بارا-بارا ئۇزىراپ، ئاخىرى مىس پايراقچىغا تېگىدۇ-دە، لامپۇچكا يانىدۇ. بۇ تەجرىبىگە ئاساسەن، ئىككى رېلىسنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇش ئورنىدا نېمىشقا يېرىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ.



AltunOq

# 6 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرى

## 1 - دەرىجىلىك سوئال:

مەكتەپ تەنتەربىيە بۆلۈمىنىڭ ئاق، قىزىل ۋە قارا رەڭلىك نۇرغۇن توپلىرى بار، ئاق ۋە قىزىل توپ جەمئىي 16، قىزىل توپ قارا توپقا قارىغاندا 7 سى ئارتۇق، قارا توپ ئاق توپقا قارىغاندا 5 ى ئارتۇق. كىچىك دوست، سىز ئۈچ خىل توپنىڭ ھەر بىرىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى تاپالامسىز؟

## 1 - دەرىجىلىك سوئال:

بۇ تۆت خانىلىق سانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىسكوپكا ئىچىگە مۇۋاپىق تۆت خانىلىق سان تولدۇرۇڭ.

2345، 3452، 4523، (          ).

3 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرىغا ئەڭ توغرا، ئەڭ تېز جاۋاپ بەرگەن ساۋاقداشلارنىڭ ئىسىملىكى:

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 2 - سىنىپتىن: ئەنۋەر ئەزىز.

غۇلجا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 5 - سىنىپتىن: ھەمىدەم كېرىم.

مايتاغ كان رايون 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ 5 - يىللىق

«ۋ» سىنىپتىن: گۈلھەرە تۇرسۇن.

قۇمۇل شەھەرلىك ئاستانە ئوتتۇرا مەكتىپى 1-يىللىق «ب» سىنىپتىن: زىلمقەم تۆمەر.

ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 1-يىللىق 1-سىنىپتىن: قاھار تۆمەر.

بۆرتالا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 2-يىللىق 3-سىنىپتىن: ئابدۇرۇسۇل مۇللايۇپ.

شىخۇ ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 1-سىنىپتىن: ئايىمەنسا داۋۇت.

قەشقەر شەھەرى قۇمدەرۋازا رايونلۇق ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇقسىز 3-يىللىق 1-سىنىپتىن: مۇھەممەتتۇرسۇن مەمتىمىن.

ئاتۇش ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ 5-يىللىق 1-سىنىپتىن: دىلنۇر مۇھەممەت.

خوتەن شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ 5-يىللىق 2-سىنىپتىن: قۇربانقاسىم غوجى ئابدۇللا

3-سانىدىكى مۇسابىقە سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى:

1-دەرىجىلىك سوئالنىڭ جاۋابى $1+19+18=38$

$$2+17+3+16=38$$

$$4+15+5+14=38$$

$$8+11+9+10=38$$

2-دەرىجىلىك سوئالنىڭ جاۋابى:

$$45\div 5=9$$

چۈنكى، ئەخمەت مۇئەللىم ئۇدا 5 كۈن ئۆيگە قايتقان. 9-چېسلا ئۇ ئۆيگە قايتقان كۈنلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى كۈن. ئەخمەت مۇئەللىم ئۆيگە قايتقان 5 كۈن 7، 8، 9، 10، 11-چېسلالار. شۇڭا، ئەخمەت مۇئەللىم 12-چېسلا ئۆيگە قايتىپ كەلگەن.

# بىز ۋەتەننىڭ گۈل - غۇنچىلىرى

(مارش تېمپىدا ئېيتىلىدۇ)　　F = 1 $\frac{2}{4}$

سۆزى: غەلىبە مەھەممەتنىڭ

مۇزىكىسى: ئابدىقادىر قايىتوپنىڭ





سىز بۇ رەسىملەرنىڭ ئىچىدىن قۇلاقلا، دوپ دەرەخنىڭ ئۇۋۇغى، بېلىق دەرەخ، شاتۇتى، تېيىن، يەلكەنلىك كېمە، ئۈزۈك، قوش، گۈلدان، بانان قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپالامسىز؟




تارىم غۇنچىلىرى

塔里木花朵

(1985 - يىل 6 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى

مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتا

ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ژۇرنال نومۇرى: 58 - 36 باھاسى: 0.33 يۈەن


AltunOq